


تىلسىملار دۇنياسىدا نۇر قۇچقان ئالىم(1)

# تىلسىملار دۇنياسىدا نۇر قۇچقان ئالىم

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئاپتورى: قەيسەر مىجىت

****************************************

ھەجەپ گۈزەل كۈن بولدى بۈگۈن،
ساما كۆپكۆك، دېڭىزمۇ كۆپكۆك.
ئەھ، تەبىئەت ـ ئىلھام بۇلىقى،
مەن ئۈچۈن سەن مەڭگۈ سۆيۈملۈك!
كۆك يۈزىدە جىلۋىدار بولۇپ،
قۇياش چاچار ئىللىق نۇرىنى.
ھېسلىرىمنى ئەللەي ئېيتىدۇ،
ھەيۋىتى زور دېڭىز دولقۇنى.
نازىنىنىڭ سۆيۈشلىرىدەك،
سۆيۈپ ئۆتەر يازنىڭ شامىلى،
ئەركىن ئۇچۇپ يۈرگەن تورنىلار،
ساھىلدىكى ساھىپجاماللار،
گۈزەللىككە ئەسىرا يىگىتنىڭ،
ئوغرىلايدۇ خىياللىرىنى.

UnRegistered

ئەي، تەبىئەت - گۈزەلسەن ئەجەپ،
كەيپ بولدۇم قۇچاقلىرىڭدا.
سەن ئۆزۈڭسەن - تىلسىم دۇنياسى،
يول ئاچسەن تەسەۋۋۇرۇمغا!...

&ھەللىپ؛&ھەللىپ؛&ھەللىپ؛&ھەللىپ؛&ھەللىپ؛&ھەللىپ
&ھەللىپ؛&ھەللىپ؛&ھەللىپ &ھەللىپ؛&ھەللىپ؛&ھەلل

9 - ئىيۇل، بوستون، ماسساچۇسېتتىس شتاتى، شەنبە كۈنى.

ئادەملەر دېڭىزىغا ئايلانغان **رەۋەرە** ساھىلىدە تەنھا مېڭىپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا كۆزۈم ياز پەسلىنىڭ راھىتىنى سۈرۈۋاتقان نۇرغۇنلىغان ئادەملەر ئارىسىدا " *ئىتالىيە* " دېگەن خەت بېسىلغان مايكىلارنى كىيىۋالغان ساھىپجامالللارغا، ئىتالىيىنىڭ دۆلەت بايرىقىنى كۆتۈرۈۋالغان ياشانغانلار ۋە ياشلارغا چۈشتى.

بۇ قېرى - ياش، ئەر - ئايال، ئۈششاق - چوك، پىششىقى - توك كىشىلەر - بوستوندا ياشاۋاتقان ئىتالىيىلىكلەر پۈشتىدىن بولغان ئامېرىكىلىقلاردۇر. بۈگۈن ئۇلار ئەتە ئىتالىيە بىلەن فرانسىيە ئوتتۇرىسىدا گېرمانىيىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان پۇتبول مۇسابىقىسىدە ئىتالىيە كوماندىسىغا بولغان ياخشى تىلەكلىرىنى ھەمدە ئۆزلىرىنىڭ يىلتىزى تۇتاشقان ئىتالىيەگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىنى، دېڭىز

Unregistered

ساھىلىدىكى  تەبىئەت گۈزەللىكىدىن ھوزۇرلىنىش تۈيغۇسىغا سىڭدۇرۇۋېتىشكەن. ھەتتا بوستوننىڭ شەھەر باشلىقى **تھوماس مېنىنو** مۇ ئىتالىيەلىكلەرنىڭ پۇشتىدىن. بىر مۇخبىر ئۇنىڭدىن "قايسى كوماندىنىڭ ئۇتۇۋېلىشىنى ئۈمىد قىلىسىز؟" دەپ سورىغىنىدا، ئۇنىڭ "ئەلۋەتتە ئىتالىيەنىڭ"، دەپ جاۋاب بەرگىنى مېنى ئويلاندۇردى: ئىنسانىيەت جەمئىيىتى نۇرغۇن ئىسسىق ـ سوغۇقنى باشتىن كەچۈرۈپ 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغان، يەن ـ تېخىنكا ئۇچقاندەك تەرەققى قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، "يەرشارىلىشىش" ۋە "ئورتاق ئىنسانچىلىقنى" تەشەببۇس قىلىدىغان دۆلەتنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بىر پۇخراسى ـ ـ يەنىلا ئەجدادلىرىنىڭ ئۇرۇغى چېچىلغان زېمىنغا تەلپۈنىۋاتىدۇ، ئۆز يىلتىزىغا تارتىۋاتىدۇ. قارىغاندا، كىشىلەرنىڭ "ئۆزلۈك شان ـ شەرەپ تۇيغۇسى" مەڭگۈلۈك بولىدىغان ئوخشايدۇ.

ئۆزىنىڭ "ئىتالىئا" لىكلەر پۇشتىدىن ئىكەنلىكىنى مەغرۇرلۇق بىلەن نامايەندە قىلىشىپ ھاياجانلىق كەيپىياتقا چۆمۈشكەن بۇ ئادەملەر تۈپىنى كۆرگەن، ئەمما بۇ يەرنى ياخشى چۈشەنمەيدىغان ھەرقانداق بىر ئادەمنىڭ "بۇ يەر ـ ئىتالىيىگە تەۋە زېمىن ئوخشامدۇ؟" دەپ قېلىشى ئېنىقلا تۇرغان گەپ.

مەن بۇ مەنزىرىدىن قىلچىمۇ ھاياجانلانمىدىم، چۈنكى مەن ئۈچۈن بۇ پۇتبول مۇسابىقىسىدە كىمنىڭ ئۇتۇشى بەرىبىر.

مۇبادا قايسى بىر كوماندىنىڭ ئىچىدە تارىم دەرياسىنىڭ سۈيىنى ئىچىپ، تەڭرىتاغنىڭ ھاۋاسىدا نەپەس ئېلىپ چوڭ بولغان بىرەرى بولسا ئىدى، ئۇ چاغدا

Unregistered

مېنىڭ ئىنكاسىم باشقىچە بولاتتى، خۇددى مىليونلىغان ئالجىرىيەلىكلەر - - - **زىدان** باشچىلىقىدىكى فرانسىيە كوماندىسىنىڭ يېڭىۋىلىشىنى ئارزۇ قىلغاندەك، مەنمۇ ئاشۇ يىگىت مەنسۇپ كوماندىنىڭ يېڭىۋىلىشىنى ئارزۇ قىلار ئىدىم. ھەتتىڭەي، ھازىر بۇ بىر چۈش&ھەللىپ؛

ئادەم - گۆش بىلەن قاندىن، روھ بىلەن جاندىن پۈتكەن نەرسە، شۇڭا ئۇنىڭدا ھېسسىيات ۋە ھاياجانلىنىش بولىدۇ، لېكىن ئادەملەردىكى ھېسسىيات ۋە ھاياجانلىنىشنىڭ سەۋەبى ۋە دەرىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ. ئەمما بىر نەرسە ئېنىقكى، ئادەم ھاياجانلانغاندا ئۇنىڭدىكى يوشۇرۇن قابىلىيەت ئۆزىنى ئىپادىلەيدۇ، نەتىجىدە سەزگۈ ئەزالىرى قىلىۋاتقان ئىشىدا ئادەتتىن تاشقىرى دەرىجىدە ئۆز ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرىدۇ. مەسىلەن، شائىر ھاياجانلانغاندا ئۇنىڭ مۇگدەپ قالغان نەرۋا ھۈجەيرىلىرىنىڭ خىزمىتى جانلىنىپ كېتىدۇ- تەپەككۇر پەرىشتىسىنىڭ ئېتىكىدىن ئاجايىپ پىكىر دۇردانىلىرى توختاۋسىز تۆكۈلىدۇ. ئالىم ھاياجانلانغاندا، بەلكى ئۇ چوڭ ئالەمشۇمۇل بايقاشنى ۋە ياكى جاھاننى ھاڭ-تاڭ قالدۇرىدىغان نەزەرىيىنى ئوتتۇرىغا قويۇۋېتىشى مۇمكىن. سەن مەلۇم خىل گۈزەللىككە مەپتۇن بولغاندا ھېسسىياتىڭ ئۇرغۇيدۇ، شائىرانە تۇيغۇلارغا چۆمىسەن، ئۆز خەلقىڭ ئىچىدىن چىققان مۇنەۋۋەر ئوغۇل-قىزلار مەلۇم ساھەدە چوڭ شەرەپلەرنى قولغا كەلتۈرگەندە ئىختىيارسىز ھاياجانلىنىسەن ۋە پەخىرلىنىش ھېسلىرىغا كۆمۈلىسەن.

ئەلۋەتتە، ھېس-ھاياجاننىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق دىئالېكتىكىسى بار. ئادەم بەزىدە كىچىك ئەرزىمەس ئىشقا قايناش، غەزەپلىنىش تۇپەيلى، ئۆز-ئۆزىنى

Unregistered

كونترول قىلالماي ئەخمەق ئىشنى قىلىپ پۇشايمانغا قېلىشى، ھەتتا جىنايەتچىگە ئايلىنىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن.

مەن بۈگۈن ئىنسانلار ئارىسىدا بولۇۋاتقان قىزىقچىلىقلاردىن ھېچقانداق ھاياجانلىنىش ھېس قىلمىدىم، ئەكسىچە خۇدانىڭ خاسىيەتلىك بۇ كۈنىدە، تەبىئەتنىڭ گۈزەللىكىگە شەيدا بولدۇم. مەن ئۈچۈن تەبىئەت ئاڭلى ـ ئاڭلىغۇسى كېلىدىغان يېقىملىق كۈي. ئوقۇسا ـ ئوقۇغۇسى كېلىدىغان رومان. كۆرگەنسېرى كۆرگۈسى كېلىدىغان گۈزەل جانانىنىڭ ئۆزى. مەن ئۇنىڭغا مەپتۇن بولدۇممۇ، ـ بولدى، خىياللىرىم قانات چىقىرىپ ئۆتمۈش بىلەن ھازىرنىڭ گىرۋەكلىرىدە، ئۆزۈم ۋە ئۆزىمىز ھەققىدە، بىز ۋە باشقىلار توغرىسىدا، ھازىرىمىز بىلەن كېلەچىكىمىز ھەققىدە ئايلىنىپ يۈرىدۇ.

مانا بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى.

كۆڭۈل ئېكرانىمدا ئالىي مەكتەپتە ئۆتكۈزگەن كۈنلىرىم خۇددى VCD پلاستىنكىسىدەك بىر ـ بىرلەپ ئۆتمەكتە.

مانا ـ ئۇنىۋېرسىتېت كۇلۇبىدا ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ ناخشا ئېيتىدىغان ئاز ساندىكى ناخشىچىلىرىمىزدىن بىرى بولغان تالانتلىق ناخشىچى **ئىززەت ئىلياس** ـ ئادەمنىڭ قەلبىنى تىترىتىدىغان نازاكەت ۋە ئەقىل ھېسلىرىنى ئويغىتىدىغان ماھارەت بىلەن ناخشا ئېيتىۋاتىدۇ:

UnRegistered

*باشقىلار چىقتى ئايغا ـ يۇلتۇزغا ،*

*بىزدىكى غەم بۈگۈن توي بىلەن داستىخان.*

......

مانا ـ **20** ـ ئەسىردىكى ئۇيغۇر ھازىرقى زامان پەيلاسوپى ۋە يېتۈك ئالىمى ـ مەرھۇم **ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەت 'ئىمىن** ، نورۇز بايرىمىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئوقۇغۇچىلار بىرلەشمىسىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن ئۈنىۋېرسىتېت قىزلار ئاشخانىسىنىڭ ئاستىدىكى ئوقۇغۇچىلار پائالىيەت زالىدا سۆزلىمەكتە&ھەللىپ :

*" ـ ـ ـ بوكسيور مۇسابىقىسىدە رىقىبىنى يېڭىۋالغان چېمپىيونغا كىشىلەر گۈلدۇراس ئالقىش سادالىرىنى ياغدۇرۇۋېتىشتى. ۋاقتىنى ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش، تەتقىقات ۋە كىتاب يېزىش، خەلقنى ئاقارتىش بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان ئالىمنىڭ كەينىدىن كىشىلەر، "توي ـ تۆكۈن 'گە بارمايدۇ، ئادىمگەرچىلىكنى بىلمەيدۇ" دەپ ئاغرىنىشتى.*

مانا ـ يەنە شۇ ئالىم، ئۈنىۋېرسىتېت خىمىيە فاكۇلتېتى ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ **4** ـ قەۋىتىدىكى زالىدا ئوقۇغۇچىلارغا نۇتۇق سۆزلىمەكتە&ھەللىپ.

*ـ ـ ـ ھەسەتخورلۇق ـ ـ ـ شەرقچە ھەسەتخورلۇق، ۋە غەربچە ھەسەتخورلۇق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ. بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى شۇ يەردىكى ـ ـ ـ0D 0*
*ھەسەتخورلۇقتا، كىشىلەر "مەن سەندىن قالامدىم" دەپ ئىجادىيەت ۋە*

Unregistered

*تەتقىقاتتا ئۆزىگە تەلەپ قويىدۇ، تىرىشىدۇ، نەتىجىدە ئۆزى كەسپتە ملگىرىلەيدۇ، جەم 'ئىيتىنىڭ ئالغا بىسىشىغا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە تۆھپە قوشىدۇ. شەرقچە ھەسەتخورلۇقتا، "مەن چىقالمىغان دەرەخكە سەنمۇ چىقما" دەيدۇ ـ دە، ياكى دەرەخنى كېسىشكە ئۇرۇنىدۇ، ياكى پۇتۇڭدىن تارتىشقا ئاران تۇرىدۇ. نەتىجىدە ئۆزى ھەسەت دەستىدىن ئازابلىنىپ كېسەل بولىدۇ، جەم 'ئىيتى كەينىدە قالىدۇ. زىيان ئۆزىگىمۇ بولىدۇ، جەم 'ئىيەتكىمۇ بولىدۇ &ھەللىپ؛*

كۆز ئالدىمدا ئالىي مەكتەپتە يازغان "كۆندىلىك خاتىرەم".

ئالىي مەكتەپنىڭ 4 ـ يىلىدىكى ئۆگىنىۋىرنىڭ بىر كۈنى ئۈنىڭغا مۇنداق يېزىپتىكەنمەن:

مەن ئەقلىمنى بىلگەندىن باشلاپ، "مىللىتىمىزنى تەرەققى قىلدۇرايلى" دېگەن گەپنى ئاڭلاپ كېلىۋاتىمەن، بۇنى ئوقۇتقۇچىلار دەۋاتىدۇ، يازغۇچىلار يېزىۋاتىدۇ، رەھبەر بولغۇچىلار سۆزلەۋاتىدۇ، ھەتتا مەنمۇ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆگىنىش تەجرىبىسىنى تونۇشتۇرۇش پائالىيىتىنىڭ باشلىنىش قىسمىدا " قىياتقا ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىش ئارقىلىق ئېرىشەلەيمىز" دەپ سۆزلىدىم. زادى "تەرەققىيات دېگەن نېمە؟"، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇساقلا مىللەتنى تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولامدۇ؟ زادى قانداق سەۋەبلەر ياكى قانداق شەخسلەر بىر جەمئىيەتنى تەرەققىيات يولىغا يېتەكلىيەلەيدۇ؟

UnRegistered

خىياللىرىم سەپىرىنى داۋام قىلماقتا&ھەللىپ:

ھازىر مەن ياشاۋاتقان بوستوندا بۇندىن 00 يىل ئىلگىرى **بەنجامىن فرانكلىن** دېگەن مەشھۇر پەيلاسوپ، كەشپىياتچى، ھەم سىياسىئون كىشى تۇغۇلغان. مەن ئۆرۈمچىدە ئىنگلىزچە ئۆگىنىپ يۈرگەن چېغىمدا، بىر كىتابتىن ئۇنىڭ "مەرىپەتلىك مىللەت قۇللۇققا مەھكۇم بولمايدۇ" دېگەن سۆزىنى ئوقۇپ، "ـ بەرھەق!" دېگەن ئىدىم.

مانا ئەمەلىيەت ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ، ئىلىم ـ پەن بىلەن قوراللانغان، مائارىپنى چىڭ تۇتقان، ئىزدىنىش، ئىجاد قىلىش روھىغا باي، كۈچلۈك رىقابەت ئەڭغا ئىگە ھەرقانداق مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ راۋاجلانمىغىنى، روناق تاپمىغىنى يوق.

سىز مۇنۇ 2000 يىلدىن ئارتۇق سەرگەردانلىق، ۋەتەنسىزلىك ۋە مىللىي ـ ئوقۇبەتنى يەتكۈچە تارتىپ ئىككىلىپ نەرىپەدىن ۋەھشىيانە تۈردە ئىرقىي قىرغىنچىلىققا ئۇچرىغان يەھۇدى مىللىتىگە قاراڭ. ئۇلارنىڭ كىچىك بولسىمۇ قۇدرەتلىك ۋەتىنىنىڭ بولغىنىنى ئېيتمايلا قويايلى، مۇھىمى ئۇلارنىڭ مەرىپەتكە بىر خەلق سۈپىتىدە ئەھمىيەت بېرىشى ـ ـ مانا بۈگۈن ئۇلارنى دۇنيانىڭ سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا ھەل قىلغۇچ تەسىر كۆرسىتىدىغان مىللەتكە ئايلاندۇردى.

سىز يەنە پادىشاھلىرى ۋە ياكى باش باقانلىرىنىڭ قانخورلۇقى، ئالدامچىلىقى تۈپەيلى 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىدا زور تالاپەتلەرگە دۇچار بولغان داخې (ياپون) مىللىتى ۋە ياكى گېرمان مىللىتىگە قاراڭ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى قىسقىغىنە ۋاقىت

ئىچىدە ئۇرۇش خارابىلىقىدىن دەس تۇرۇپ، ئىلىم - پەنگە ۋە ئىلغار تېخنىكىغا تايىنىپ خانىۋەيران بولغان دۆلىتىنى قايتا قۇرۇپ چىقىپ، بۈگۈنكى دۇنيادا يەنە تۆتىنىڭ بىرى بولۇپ مەغرۇرلۇق بىلەن ياشاۋاتىدۇ.
يەككە دۆلەت ۋە رايونلارنى قويۇپ تۇرۇپ، پۈتۈن ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ بۈگۈنىدىن، ئۆتمۈشىگە نەزەر سالساق، ئىلىم - پەن تېخنىكىسىدىكى ھەر بىر يېڭىلىق ۋە بۆسۈشنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنى ئىلگىرى باستۇرىدىغان غايەت زور كۈچ ئىكەنلىكىنى تېخىمۇ روشەن ھالدا كۆرۈۋالالايمىز.

ئىلاھى كىتابلاردا ئېيتىلىشىچە "ئادەم" بۇ دۇنيانىڭ مەركىزى ئىكەن. شۇنداقلا، ئىلاھ، "يارىتىشنى ياراتتىم، يارالمىشلىق ئۆزۈڭدىن" دېگەنمىش، يەنى قانداق ياشاش ھوقۇقىنى جۈملىدىن ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللىنىش شۇغۇللانماسلىق، تەرەققى قىلىش - قىلماسلىقتىن ئىبارەت تاللاش ھوقۇقىنى ئىنسانىيەتكە بەرگەن ئىكەن. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ئىنسانىيەت ئۆزىنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك تارىخى مۇساپىسىدە، ئەڭ دەسلەپكى بىر جۈپ ئەجدادى ئەنجۈر ياپراقلىرىنى ئۆزلىرىگە يېپىنچا قىلىشتىن ھالا بۈگۈنكىدەك ھالەتكە كەلگۈچە، تىلسىملارغا تولغان بۇ پانىي دۇنيادا توختاۋسىز تۈردە ئىزدىنىپ، ئىجاد قىلىپ، ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. گەرچە، ھەرقايسى مىللەتلەر، مەدەنىيەتلەر بۇ خىل يۈكسىلىشكە تېگىشلىك ھەسسە قوشقان بولسىمۇ، ئەمما ھازىر بىز كۆرۈۋاتقان زامانىۋىلىشىشنىڭ پىلتىسىغا ئوت تۇتاشتۇرغۇچىلار، 18 - ئەسىردە "ئاقارتىش ھەرىكىتىنى" قوزغىغان ۋە 18 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا پار ماشىنىسىنى كەشىپ قىلىپ ئىنسانىيەتنى سانائەت ئىنقىلابىغا باشلاپ كىرگەن ياۋروپالىقلار بولدى. **گالىلەئو** ۋە **نەۋتون** لارنىڭ كۆزىتىش ھەم تەجرىبىدىن

Unregistered

ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويغان بايقاشلىرى، نەزەرىيەلىرى - تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئۆزئارا ماسلاشقان، تەرتىپلىك ھالدا مەلۇم خىل فىزىكىلىق قانۇنىيەتلەر ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسەتكەن بولسا **تھوماس پاينە، مونتەسقۇئىئەئۇ، روئۇسسەئائۇ ۋە فرانىس باون** غا ئوخشاش مۇتەپەككۇرلەر، ئىلىم - پەن ۋە تېخنىكا ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ تەبىئەتنى ياخشى چۈشىنىپ ئۆزلىرىنىڭ ياشاش مۇھىتىنى ياخشىلىيالايدىغانلىقىغا ئىشىنىشتى ۋە شۇ خىل ئىدىيىنىڭ ئۇرۇغىنى ئۆز جەمئىيىتىگە چېچىپ، ياۋروپا پەن - مەدەنىيەت گۈللىنىشىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ياراتتى. ئاشۇنداق ئۇلۇغ ئاقارتىش ھەرىكىتىنىڭ نەتىجىسىدە، ئەينى چاغدىكى ياۋروپادا ھەر قايسى شاھەلەردە چوڭ چوڭ يېڭىلىقلار، ئۆزگىرىشلەر يۈزبېرىپ ۋە تەدرىجى ھالدا يەر شارىنىڭ بۇلۇڭ پۇشقاقلىرىغا تاراپ، ئىنسانىيەتنىڭ مۇھتاجلىق ئالمىدىن مۇمكىنلىك ئالمىگە قەدەم قويۇشىغا ئاساس سالدى. ئالايلى، پار ماشىنىسىنىڭ ئىجاد قىلىنىشى بىلەن ئىنسانىيەت جەمئىيىتى سانائەت ئىنقىلابىغا ھامىلە بولدى.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىكى بۇ زور يۈكسىلىش - يەر شارىنىڭ قىياپىتىنى شىددەت بىلەن ئۆزگەرتتى. قاتناش - ترانسپورت تەرەققى قىلدى، زاۋۇت - فابرىكىلار قۇرۇلۇپ، ئىشلەپچىرىش كۆلەملەشتى. تاۋار ئالماشتۇرۇش كۆچىيىپ، سودا - تىجارەت گۈللەندى. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىدا، ئىدىيىسىدە، ئىجتىمائى - ئىقتىسادىي پائالىيەتلىرىدە زور بۇرۇلۇش بولدى. ئىش تەقسىماتىنىڭ ئىنچىكىلىشىشى، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقىنىڭ ئېشىشى، كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادى كىرىمىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ تۇرمۇش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. ئوزۇقلىنىشنىڭ ياخشى بولۇشى، ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىق ئاممۋى سەھىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققى

Unregistered

قىلىشى ۋە مېدىتسىنا ـ دورا تەتقىقات ساھەسىدىكى بايقاشلار، كەشپىياتلار كىشىلەرنىڭ سوپەتلىك ۋە ساغلام ھالدا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىگە ئاساس سالدى. مەسىلەن **ئالېكساندەر فلېمىڭ** تەرىپىدىن 1928 ـ يىلى پەنىسىلىننىڭ تاسادىپى بايقىلىشىنىڭ ئۆزىلا كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرىنى بىر نەچچە ئون يىل ئاشۇردى. نۆۋەتتە، بىز دۆلەتلەرنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە باھا بەرگەندە، ئۇنى بۇرۇنقىدەك، ئەنئەنىۋى ھالدىكى كىشىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە كىرىمى يەنى ئىقتىسادىي ئۆلچەم بىلەنلا ئەمەس، بەلكى يەنە شۇ جەمئىيەتتە ياشىغان كىشىلەرنىڭ سوپەتلىك ھالدا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈش ـ كۆرمەسلىكىنى قوشۇپ تۇرۇپ باھا بېرىمىز. مۇشۇ تارازا بىلەن ئۆلچىگەندە، نۆۋەتتە ئاھالىسىنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمۈر كۆرۈش يېشى 50 ياش ئەتراپىدا بولغان بىر دۆلەت، ياكى جەمئىيەت ـ ـ ـ ئېنىقكى نامرات ۋە قالاق بىر دۆلەت ھېسابلىنىدۇ. بۈگۈنكى تۆۋەنكى ساھارا ئافرىقا قىتئەسىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر دەل مانا مۇشۇ تىپقا كىرىدۇ. دېمەك، تار مەنىدىن ئېيتقاندا تەرەققىيات ـ كىشىلەرنىڭ ئىقتىسادىي كىرىمىنىڭ يۇقىرى، كۆتۈرۈلۈشىنى كۆزدە تۇتۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئۇلارنىڭ ساغلام ھالدا ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنىمۇ كۆزـ تۇتسا، كەڭ مەنىدىن بولسا كىشىلەرنىڭ "ياشاش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى ۋە ئىجتىمائى تاللاش پۇرسەتلىرىنىڭ كېڭىيىشىنى كۆرسىتىدۇ. {*كەڭ مەنىدىكى تەرەققىيات ئۇقۇمىنىڭ ئېنىقلىمىسى ـ پەيلاسوپ، ئىقتىسادشۇناش ۋە نوبېل ئىقتىساد مۇكاپاتى لاۋرىيانتى ئامارتيا سەن ئەپەندىگە تەۋە*}

خىيال يولۇچىلىرىم مۇشۇ يەرگە كەلگەندە، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ "ئىلىم يىراق چىندا بولسىمۇ ئىزلىگىلار" دەپ نەقەدەر توغرا

Unregistered

ئېيتقانلىقىغا قايىل بولدۇم.

قۇياشنىڭ ئوتتەك ھارارىتىدە بارغانسېرى قىزىۋاتقان زېمىن، ئۇسسۇزلۇققا تەشنا بولۇۋاتقانلىقىمنى سەزدۈرگەندىن كېيىنلا خىيال دۇنياسىدىن قايتىپ كەلدىم ۋە سوغۇق ئىچىملىك ئىچكىلى ماڭدىم.

**تىلسىملار دۇنياسىدا نۇر قۇچقان ئالىم(2)**

UnRegistered

!




**(داۋامى)**

بوستون، ماسساچۇسەتتس، ياز ئايلىرى:

بۇ يەردە ـ ـ ـ ـ ـ ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى بولغان، سىرلىق ۋە سېھىرلىك ئانا ماكان ـ قەشقەردىكى "گۈزەر رەستە"سىدە ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇپ چاينى قېنىق دەملەپ، 10 ـ 20 زىخ كاۋاپ بۇيرۇتۇپ قويۇپ چۆپقەتلىرىڭ بىلەن مۇڭدىشىدىغان مۇھىت يوق. "دۇنكىن دونۇت"نىڭ ۋفسىنى سەھەردە بىر قاپلا ئىچىش كۇپايە. نەۋ يوركقا ھەپتە ئاخىرى بارىمەن. شۇڭا تەتىل كۈنلىرىدىكى ھەپتە ئارىلىقىدا ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئۆيگە قايتىشقا ئالدىراپ كەتمەيمەن. بۇنداق چاغدا كىتابخانىلارنى ئارىلايمەن. بۈگۈن "قانداق يېڭى كىتابلار چىقتىكىن" دەپ كىتابخانىنى ئايلىنىۋېتىپ "2006 ـ يىلىدىكى ئامېرىكىدىكى مەشئۇر شەخسلەر" ناملىق تېخى يېقىندىلا نەشر قىلىنغان كىتابقا كۆزۈم چۈشتى. بۇ كىتابنىڭ 1899 ـ يىلىدىن باشلاپ ھەر يىلى نەشر قىلىنىدىغىنىنى، روزۋېلىتتەك مەشھۇر سىياسىئونلار، ئەئىنىستەئىندەك داڭلىق ئالىملار، كەننەتھ ئارروۋدەك نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ئىقتىسادشۇناسلار ۋە بىلل گاتەستەك دۇنياۋى كارھانچىلارنىڭ، قىسقىسى بۇ كىتابقا ھەر يىلى قايسى ساھەلەردە ئامېرىكا جەمئىيىتىگە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان شەخسلەرنىڭ تاللىنىپ كىرگۈزۈلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئىختىيارسىز مۇنۇ كۆپ مەنبەلىك، كۆپ مىللەتلىك ۋە كۆپ قىرلىق مەدەنىيەتكە ئىگە بۇ دۆلەتتە زادى كىملەرنىڭ بۇ جەمئىيەتكە چانچىلىك تۆھپە قوشۇۋاتقانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ تۆھپىسىنىڭ قانچىلىك ئېتىراپ قىلىنغىنىنى بىلىپ باققۇم كەلدى.

ئادەمنىڭ كۆزى ئادەتتە ئۆزىگە تونۇش نەرسىنى ئاسان بايقايدۇ.

Unregistered

كىتابنى ۋاراقلاۋېتىپ، بىردىنلا تونۇش بىر ئىسىمنى كۆرگەندەك بولدۇم ئەمما، "بىزدىن تېخى بۇ كىتابقا كىرگۈزگىدەك شەخس  چىققىنى يوق، چىققان بولسا ئاڭلار ئىدىم" دېگەن خىيال بىلەن، ئىتتىك ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇم ـ يۇ، ئىختىيارسىز، بۇ ئادەمنىڭ تەرجىمىھالىغا نەزەرىمنى ئاغدۇردۇم.

"رىشات ئابباس بورھان ـ كىلىنىكىلىق دورىلارنى تەتقىق قىلىش ۋە ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ساھەسىدىكى باش تەتقىقاتچى. ئۇيغۇر. 1960 ـ يىلى ئاۋغۇستتا تۇغۇلغان. ئاببا‌س بورھان ۋە مارىيە ئابلىزنىڭ ئوغلى&ھەللىپ؛&ھەللىپ؛

&ھەللىپ؛كەسپى ژۇرناللاردا ۋە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا 80 پارچىدىن ئارتۇق ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان ۋە ئوقۇغان. قولغا كەلتۈرگەن تەتقىقات نەتىجىلىرى &مداش؛ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 1996 ـ يىلى 5 ـ ئايدا ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى، ۋە ھاۋا ئارمىيە قوماندانلىق شتابى تەرىپىدىن مۇكاپاتلانغان ھەمدە 1999 ـ يىلى    ـ ئايدا "زەھەرشۇناسلىق ئىلمىي جەمئىيىتى" تەرىپىدىن مۇنەۋۋەر ماقالە بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

... 2001 ـ يىلى ئۆتكۈزۈلگەن "دىئابېت كېسىلى (قەنت سىيىش كېسىلى)نى داۋالاش تېخنىكىسىنى ئالماشتۇرۇش ئىلمىي يىغىنى" دا بىر ماقالىسى ئەڭ ياخشى ماقالە مۇكاپاتى غا ئېرىشكەن. يېڭى دورىلارنى تەتقىق قىلىش ۋە ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش جەھەتتە قوشقان تۆھپىسى كۆرۈنەرلىك بولغان. ئىنسۇلىننى ئېغىز ئارقىلىق ئىستېمال قىلىش تېخنىكىسى بويىچە پاتېنتقا ئېرىشكەن. پھارماۋكىنەتىا ۋە پھارمادىناما تەتقىقاتى جەھەتتە شۇنداقلا يېڭى دورىلارنى تەتقىق قىلىش ۋە

Unregistered

ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش جەھەتتىكى تەتقىقات لايىھەسىنى تۈزۈش، تەجرىبە قىلىش ۋە كىلىنىكىلىق سىناق قىلىش جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئۇسلۇب ئىجات قىلىپ، ئالاھىدە نەتىجە ياراتقان. ھازىر، ۋيەتى تەتقىقات مەركىزىدە دۇنياۋى دورا تەتقىق قىلىش ۋە ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش چوڭ ئەترىتىنىڭ راك كېسەللىرىنى داۋالايدىغان دورىلارنى تەتقىق قىلىش ۋە بارلىققا كەلتۈرۈش تارمىقىنىڭ دىرېكتورى.

رىشات دورا تەتقىقاتى ساھەسىدە پەۋقۇلاددە نەتىجە يارىتىپ، ھازىرقى زامان ئامېرىكا جەمئىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە تېگىشلىك تۆھپە قوشقانلىقى ئۈچۈن نامى مەزكۇر كىتابقا كىرگۈزۈلدى".

ـ ـ ـ "ئۆزى، نەق ئۆزى شۇ".

خۇددى چۆلدىن بۇلاق تېپىۋالغاندەك خۇش بولۇپ كەتتىم. "پاھ، بىزدىمۇ بۇ كىتابلارغا مەشھۇرلار قاتارىدا تىزىلىدىغانلار بولىدىكەن ـ ھە؟

ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا "ئايروپىلاننى ـ ـ ئۇكا ۋرىغتىس، تېلىپپونىنى ئېدىسون، پەنسىلىننى فلېمىڭ ئىجاد قىپتۇ ياكى بايقاپتۇ، ئەجەب بىز ئۇيغۇرلاردىن ھېچكىم خەلقئارالىق تەسىرگە ئىگە بىرەر نەرسە ئىجات قىلماپتۇ، قۇتادغۇ ـ بىلىك ئىمىز بار، قەدىرگە يەتمىدۇق، 12 مۇقامىمىز بار، ئۆزىمىزلا چۈشىنىپ ھوزۇرلىنىمىز، .." دەپ ئويلاپ كېتەتتىم.

UnRegistered

بۈگۈن باشقىچە روھلاندىم. مەن ئۆزئارا ئادەتتىكىچىلا سالام ـ قىلىشىدىغان، دورا تەتقىقات ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئالغان بىر ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ ئامېرىكا جەمئىيتى بولۇپمۇ ئامېرىكا پەن ـ تېخنىكا ساھەسى ئېتىراپ قىلغۇدەك بۇنچىلىك دەرىجىدە چوڭ نەتىجە قازانغانلىقىنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقماپتىكەنمەن.

ئادەم بىر نەرسىنىڭ تېگىگە يەتمىگۈچە بولدى قىلمىسا، ئۇنى بۇدۇشقاق دەيمىز، مېنىڭ بۇدۇشقاقلىقىم تۇتۇپ كەتتى.

تور تېخنىكىسىغا بارىكاللا! سەن ھەر ۋاقىت ئۆزۈڭگە كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ھەر خىل ئىزدەش ۋاستىلىرى ئارقىلىق ئۇچۇر دېڭىزىدىن خۇددى بېلىقچى دېڭىزدىن بېلىق سۈزگەندەك سۈزۈۋالىسەن. مەن رىشات (رىچات دەپمۇ يېزىلىدۇ) " دېگەن ئىسمنى تورغا كىرگۈزۈپ كۆردۈم. كۆز ئالدىم ـ رىشات ئابباس توغرىسىدا كۆپ ئۇچۇرلار پەيدا بولدى. ھەممىسى دېگۈدەك ئۇنىڭ ئىلمي ئەمگەكلىرىگە ئائىت ئۇچۇرلار بولۇپ، ھەتتا بۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىنگلىزچىدىن باشقا چەت ئەل تىللىرىغا يەنى خەنزۇچە ۋە گېرمانچىغا تەرجىمە قىلىنغان ئىدى. ھەم ھەيران قالدىم، ھەم خۇش بولدۇم. ھەيرانلىقىم شۇكى، ئانا تىلى ئىنگلىز تىلى بولمىغان بىر ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ دۇنياۋى پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئىلمي ژۇرناللاردا شۇنچە كۆپ ماقالىلەرنى ئېلان قىلالاشى ئىدى. ئەگەر مەن دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۇچۇن ئوقۇۋاتقان بولسام، بەلكى بۇ قەدەر ھەيران قالماسلىقىم مۇمكىن ئىدى، ھەيران قالماسلىقىمنىڭ سەۋەبى "ئىلمي ماقالىنى" چوڭ بىلمەسلىكىمدىن

Unregistered




ئەمەس بەلكى، ئۇنىڭ قانداق پۈتۈپ
چىقىشىنى چۈشەنمەسلىكىمدىن
بولۇشى ئېنىق ئىدى.
تىلسىملار دۇنياسىدا نۇر قۇچقان
ئالىم( )

(ئەدەبىي ئاخبارات)

تورى: قەيسەر مىجىت

UnRegistered

ئادەتتە ئىلمىي ماقالىنىڭ پۈتۈپ چىقىش جەريانى .. تەجرىبىچىلىك ئۇسۇلى قوللىنىلىدىغان تەتقىقاتتا مۇنداق بولىدۇ:

ئالدى بىلەن تەتقىقاتچى ياكى ئالىم ھادىسىلەرنى كۆزىتىش جەريانىدا ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبى ھەققىدە مەلۇم خىل پەننىي بىلىم ۋە ئىلمىي نەزەرىيەگە ئاساسلىنىپ ئۆزىنىڭ پەرىزىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئاندىن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق يەنى تەجرىبىچىلىك ئۇسۇلى ئاساسىدا سىناق قىلىپ، ئانالىز قىلماقچى بولغان ئۆزگەرگۈچى مىقدارلار توغرىسىدا ئۇچۇر ۋە سانلىق مەلۇمات توپلايدۇ. ئاخىرىدا زۆرۈر بولغان ئىلمىي ۋە تېخنىكىلىق ۋاستىلەرگە تايىنىپ، ئىلگىرى

ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان پەرەزنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن ئۇيغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى ئانالىز قىلىپ، بىر خۇلاسىگە كېلىدۇ. بۇ يەردە ئىلمىي تەتقىقاتتا ھازىرلاشقا تېگىشلىك ھالقىلىق ئىككى شەرت بار. بىرى، كۆز قاراشنىڭ ئىلمىيلىكى ـ بۇنى ئادەتتە ئىجادكارلىق ياكى تەپەككۇرنىڭ چوڭقۇرلۇقى دەپ چۈشەنسەكمۇ بولىدۇ. يەنە بىرى، ئۆزگەرگۈچى مىقدارلار ھەققىدە ئۇچۇر ئىگىلەشتە زۆرۈر بولغان تەجرىبە شارائىتى، ياكى ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا ماددى شارائىت. مەن بۇ ئىككى شەرتنىڭ ئىچىدە تەتقىقاتچىنىڭ كۆز قارىشىنى مۇھىم دەپ قارايمەن. چۈنكى كىشىنى قايىل قىلارلىق ئىلمىي پەرەز بولمىسا، دۇنياۋى سەۋىيەدىكى ئىلغار ماددىي شارائىت بولغاندىمۇ تەتقىقاتتا ئىلگىرىلەشكە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، ئەمما يېڭى پىكىر ۋە ئىلمىي قىياسلا بولىدىكەن، پەن ـ تېخنىكىنىڭ كۈچىنى تونۇپ يەتكەن رىقابەتلىك بۇ دۇنيادا، ئېزدەنگۈچى ماددىي شارائىتنى ھامان قولغا كەلتۈرەلەيدۇ. مۇشۇ مەنتىقىدىن ئېيتقاندا، خەلقئارا سەۋىيەدىكى ژۇرناللاردا كۆپ ماقالە ئېلان قىلغان بىر كىشىنى ئىجادىيلىقى يۇقىرى، قىسقىسى، ھەقىقى مەنىدىكى "ئالىم" دەپ ئېيتىشقا ھەقلىقمىز.

بۇ يەردە "ئالىم"لىق ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتۈشنىڭ زۆرۈرىيىتى بولمىسا كېرەك.

كىشىلەر ئادەتتە ئۆزلىرى ئىشلىتىۋاتقان ئۇقۇملارنى ئاسانلا ئارىلاشتۇرۇۋېتىدۇ، خۇددى "يېشىل رەڭ" دەپ تۇرۇپ "كۆك رەڭ" نى، "قوغۇن"ـ "سويمىنى" كۆرسەتكەندەك. ئىلىم ساھەسىدە "ئالىم" دېگەن سۆز ـ ـ ـ ماددىي دۇنيانى چۈشەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدىغان مەلۇم ساھەدە (ئاساسلىقى تەبىئىي پەن)

سىستېمىلىق بىلىمگە ئىگە بولغان ھەمدە كۆزىتىش، تەجرىبىدىن ئۆتكۈزۈش ۋە ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق جامائەت ئېتىراپ قىلغان ئىلمىي نەزەرىيە ۋە ياكى ماددىي شەكىلگە ئىگە مەھسۇلاتنى ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن شەخسنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن شۇنى ئېنىق ئايدىڭلاشتۇرۇش لازىمكى، بىر ئادەم ـ مەلۇم خىل ئىلمىي ئۇنۋاننى ئالغانلىقى ئۈچۈنلا "ئالىم" بولۇپ، ئالمىغانلىقى ئۈچۈن "ئالىم" بولالماي قالىدىغان ئىش يوق. مەسىلەن بىر ئادەم پەننىڭ مەلۇم بىر تۈرىدە "دوكتور" لۇق ئۇنۋانى ئالسۇن دەيلى، بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ كىشىنى "ئالىم" 0D 0 ـ ئىستېمال قىلىنىۋاتقان بۇ سۆزنى ياخشى چۈشەنمەي، ئالدىراپ چىقارغان خۇلاسە بولۇشى مۇمكىن. دوكتورلۇق ئۇنۋانى ـ ئالىملىق تونىنى كىيىشنىڭ بىر يېتەرلىك شەرتى، ئەمما زۆرۈر شەرتى ئەمەس. كونىلار: "تۆردە ئولتۇرغان ھېساب ئەمەس، ۋەللە ئالغان ھېساپ" دېيىشكەن ئىكەن. گەپ سىنىڭ ئۇنۋانىڭدا ئەمەس، يارانقان نەتىجەڭدە. شۇڭا ئەينەكنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە تۇرۇپ شۇنداقمۇ ئېيتالايمىزكى، يۇقىرى ئىلمىي ئۇنۋان ئالماي تۇرۇپمۇ، ئۆزلۈكىدىن تىرىشىش ئارقىلىق مەلۇم ساھەدە يېتىلگەن، پەن ـ تەتقىقات نەتىجىسى كۆرۈنەرلىك بولغان كىشىلەرمۇ "ئالىم"لىق شەرىپىگە مۇيەسسەر بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

بىز تۇرمۇشىمىزدا 5 ياشلىق كىچىك بالىنىڭ ئايغىنىمۇ ئاياغ، 0 ياشلىق ئادەمنىڭ ئايغىنىمۇ ئاياغ دەپ ئاتايمىز، ئەمما بىرسىنىڭ ئايغىنى يەنە بىرسىگە كەيدۈرگىلى بولمايدۇ. سەۋەب بۇ يەردە ئۆلچەمنىڭ ئوخشىماسلىقىدا. شۇنىڭغا ئوخشاش "ئالىم"لىقنىڭمۇ دەرىجىسى بولىدۇ. بىز بۇ يەردە دەۋاتقان ئالىم ـ ـ ـ بىر جەمئىيەتكىلا مەنسۇپ، بىر مىللەت ئۆزىگىلا چۈشىنىشلىك

UnRegistered

ئالىمۇ ياكى خەلقئارا سەۋىيەدىكى ئالىمۇ؟

مۇنداق ئوخشىتىشقا بولىدۇ: بىر مىللەتنىڭ خەلقئارا سەۋىيىدىكى ئالىملىرى شۇ مىللەتنىڭ ماركىسى. بۇ ماركا دۇنياغا قانچە يۇزلەندى دېگەنلىك ـ مىللىتىڭ دۇنياغا تونۇلدى دېگەن گەپتۇر. دۇنياغا ئۆزىنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى بىلەن تونۇلغان مىللەت ـ جەلپكار مىللەت، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان، شۇنداقلا كەلگۈسى پارلاق بىر مىللەت. مەلۇم مىللەتنىڭ بىر پۈتۈن توپ شەكلىدە يەنى خەلق سۈپىتىدە تەرەققىياتقا ئىنتىلىشى ۋە تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشى كۆپ تەرەپلىمە ئامىللارغا بېرىپ تاقىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئىچىدە خەلقنىڭ نېمىگە يۈزلىنىشى يەنى قانداق يۆنىلىشنى تاللىشى ۋە شۇ خەلق تەشكىل قىلغان جەمئىيەتنىڭ روھىي كەيپىياتى ناھايىتى مۇھىم. بۇ ـ ئەۋلادلارنىڭ قايسى خىل قىممەت قاراش بىلەن چوڭ بولۇشىغا ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەگەر جەمئىيەتتە ئەيش ـ ئىشرەتچىلىك ئېغىرلىشىپ، ئالىمنى ئەمەس ناخشىچىنى، ئىلىمنى ئەمەس ئۇسسۇلچىنىڭ تولغاپ ئوينىغان بېلىنى چوڭ بىلىدىغان، ئالىلقانداق ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلمەي ناخشا تووۋلايدىغانلارنى ۋە ياكى ھېچقانداق ئەخلاقىي ئۆلچەم ھەم ۋىجدان تارازىسىنىڭ چەكلىمىسى بىلەن ھېسابلاشماي، غەيرى يوللار بىلەن "باي" بولغانلارنى ئۆزىنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى ۋە ئىنتىلىش ئوبيېكتى قىلىدىغان خاھىش يامراپ كەتسە، مۇقەررەركى بۇنداق مىللەتنىڭ كېلەچىكى گۇڭگا بولىدۇ، خالاس.

ئۆلۈغ بوۋىمىز، مەھمۇد قەشقەرى بۇندىن 10 ئەسىر ئىلگىرى شۇنداق دېگەن

Unregistered

ئىكەن:

(مەن بۇ سۆزنى پىشقەدەم بىرسىدىن ئاڭلىدىم، ئەمما "تۈركى تىللار دىۋانى" دېگەن كىتابنى تەكشۈرۈپ بۇ سۆزنى دەلىللەش پۇرستى بولمىدى).

"ناخشا ـ ئۇسسۇلغا بېرىلگەن خەلق ـ ـ ـ زاۋاللىققا يۈز تۇتقان خەلق".

بۇ سۆزنىڭ ئۆزىلا كۇپايە. 1000 يىلدىن بۇيان ئۇنى چۈشەنمىگەن بولساقمۇ، ھەمدى ئۇنىڭ تېگىگە يەتمىسەك بولمايدۇ.

"ئەقىلغە ئىشارەت، نادانغا جۇۋالدۇرۇز" دەپ توغرا ئېيتقان ئىكەن دانالىرىمىز.

بىز چوقۇم ئۆزىمىزگە تەلەپ قويۇشىمىز، ياشلىرىمىزنى ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىشكە رىغبەتلەندۈرۈشىمىز، خەلقىمىزنى مەرىپەت ئارقىلىق مەۋجۇتلىغىمىز ۋە كېلەچىكىمىز ئۈچۈن تىرىشىشقا چاقىرىق قىلىشىمىز ھەمدە كىشىلىرىمىز ئىچىدە، ئىلىم ـ پەننى قەدىرلەيدىغان، ئىلىم ئىگىلىرىنى ھۆرمەت قىلىدىغان ۋە شۇ ئارقىلىق ئىچىمىزدىن تېخىمۇ كۆپ خەلقئارا سەۋىيىدىكى ئالىملارنىڭ چىقىشىغا ئىلھام ۋە كۈچ بېرىدىغان ياخشى ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىشىمىز زۆرۈر.

"ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق تەرەققىياتقا ئېرىشىش" تىن ئىبارەت كۆزقاراشنىڭ كۆڭلۈمدە چوڭقۇر يىلتىز تارتقىنىدىن بولسا كېرەك، ـ ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ

Unregistered

چىققان خەلقئارا سەۋىيەگە ئىگە بىر ئالىمنى - يەنى بىز تېخى بايقاپ يەتمىگەن بىر گۆھەرنى بايقىغىنىم ئۈچۈن قەۋەتلا خوش بولدۇم ھەمدە كۆڭلۈمدە ئۇنىڭغا "ئالىم"لىق تونىنى كەيگۈزدۈم. چۈنكى رىشات ئابباسنىڭ قىسقىغىنە 10 يىل ئىچىدە قولغا كەلتۈرگەن ئىلمىي نەتىجىلىرى، ئىجادىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار تەرىپىدىن بېرىلگەن باھالار، مۇكاپاتلار ئۇنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ئىسمى - جىسمىغا لايىق ئالىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇراتتى.

بۇ 10 يىل ئىچىدە دوكتور رىشات ئەپەندى - ئۆزى باش بولۇپ ، ۋە باشقىلار بىلەن ھەمكارلىشىپ ئورۇنلىغان ئىلمىي تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، 81. . . . ئىلمىي ماقالە يېزىپ چىقتى، يازغان ماقالىرىنىڭ ئېلان قىلىنىش نىسبىتى 100 بولدى ھەمدە ھەممىسى زەھەرشۇناسلىق ۋە دورىگەرلىك ئىلمى ساھەسىدە خەلقئارادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان "زەھەرشۇناس" "خەلقئارا زەھەرشۇناس" ۋە "دورىگەرلىك ئىلمى" قاتارلىق ئىلمىي ژۇرناللاردا ئېلان قىلىندى. بۇ جەرياندا ئۇ - ياۋروپا، ياپونىيە ۋە تۈركىيە قاتارلىق 20 دىن ئارتۇق مەملىكەتتە ۋە ئامېرىكىنىڭ ھەرقايسى مۇھىم شەھەرلىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي يىغىنغا قاتنىشىپ 1 قېتىم ماقالە ئوقۇدى، 10 قېتىم تەكلىپكە بىنائەن لېكسىيە سۆزلىدى. "ئەگەر بىر ئۇيغۇر پەرزەنتىنىڭ ياراتقان ئىلىم - پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرى خەلقئارا سەۋىيەدىكى ئالىملارنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشمىسە، مۇشۇ قىلنى قىرىق يېرىپ، ئىنچىكە ئىش قىلىدىغان كىشىلەر ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا قىزىقىپ، لېكسىيە سۆزلەشكە تەكلىپ قىلارمىدى؟" مۇشۇلارنى خىيالىمدىن كەچۈرۈۋېتىپ، ئۇيغۇرلاردىن چىققان بۇ ياش ئالىمدىن پەخرلەندىم.

Unregistered

مەن كىچىكىمدىنلا ئىككى تۈرلۈك ئادەملەرنى ھۆرمەت قىلاتتىم. بىرى، ياشقا مەندىن چوڭلارنى، ھەتتا قارشى تەرەپ مەندىن 2 ـ  ياش چوڭ بولسىمۇ، ئەگەر پەزىلەتلىك بولسىلا. يەنە بىرى بىلىملىك، تىرىشچان ۋە ئىشچان ئادەملەرنى، ئەگەر مەسئۇلىيەتچان بولسىلا. ئاشۇ خۇسۇسىيىتىمدىن بولسا كېرەك ئالىي مەكتەپكە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا، كۆزۈمگە چېلىقىپ تۇرىدىغان:

"ئالىي مەكتەپكە ئۆتتۈم، جاھان مېنىڭ،
قانداق ياشىسام ياشايمەن، ئەركىم مېنىڭ،
قوقان بايۋەچچىسىمۇ يەتمەس ماڭا،
ئىشىمغا ئارىلاشما، نېمە كارىڭ سېنىڭ؟

دېگەن مەنتىقە بىلەن ھە دېسە "مودا قوغلىشىپ"، ئۆزىدە يوق بولسا خەقنىڭ ياخشى كىيىملىرىنى "ھەپتە ئاخىرىدىكى ئولتۇرۇشلار" ئۈچۈن تىلەپ كىيىپ، كوچىدا گەپنى چوڭ ئېتىپ، ياتاقتا "كەسمە چۆپ" نى كاپ ئېتىپ، "ئاستىمدا ئىشتان يوق، ئېتىم مارجان بوۋى"  "  ھەللىدە ئات چاپقاندەك، پايپاقتا نالە قاققاندەك" ئىش قىلىپ يۈرۈيدىغان، ھە دېسە ماجاڭ ئويناپ، ئاتا ـ ئانىسى ئەۋەتكەن پۇلنى قىماردا ئۇتتۇرۇپ، ئۇتۇۋالسا دۆڭكۆۋرۈكنىڭ تار كوچىلىرىنى بويلاپ نەلەرگىدۇ كېتىپ قالىدىغان، بىلىپ ـ بىلمەي پاتقاقلارغا پېتىپ قالىدىغان بەزى ياشلىرىمىزغا ئەپسۇسلىناتتىم، ئاز ساندىكى بەزىلەرنىڭ ئۆزىگە ۋە جەمئىيەتكە تۇتقان مەسئۇلىيەتسىزلىكىدىن، چاكىنىلىقىدىن سەسكىنەتتىم. ئەمما، كۆڭلىگە ئارزۇلارنى پۈكۈپ ئۆزىنىڭ ئىستىقبالى ئۈچۈن، جۇملىدىن،

Unregistered

خەلقىنىڭ ساپاسى ۋە ئابرويى ئۈچۈن تىرىشىدىغان، ئارىيەت قىلىدىغان بالىلارنى كۆرسەم، ئاكتىپلىق بىلەن كۆرۈشۈپ، تونۇشاتتىم، ئۇلارغا مەدەت بېرەتتىم، شۇنداقلا ئۆزۈممۇ ئۇلاردىن ئىلھام ئالاتتىم. 1990 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ئۈنىۋېرسىتېتتا ئوقۇۋاتقان غايىلىك ياشلار خېلى بار ئىدى، ئەمما ئاشۇلارنىڭ ئارىسىدا پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئىلىمگە بېرىلگەن ئىككى ياش (نىجات ئىمىن ـ بىئولوگىيە پەنلىرى بويىچە دوكتور، ھازىر ئاۋستىرالىيە دۆلەتلىك ئۈنىۋېرسىتېتتا كۆزگە كۆرۈنگەن تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلەيدۇ ۋە دوكتور ئاسپىرانتلارنى يېتەكلەيدۇ. دىلشات ھېۋىزۇللا ـ ـ كومپيۇتېر پەنلىرى بويىچە دوكتور، ھازىر ئەنگلىيىدە خىزمەتتە، خەلقئارادا مەشھۇر ژۇرناللاردا ماقالىلىرى ئېلان قىلىندى) دىققىتىمنى تارتتى. ئۇلار بىلەن تونۇشتۇم ھەم ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، ئىش ـ ئىزلىرى ۋە غايىسى ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئېرىشكەندىن كېيىن ئۇلارنى "ئىلىم ـ پەنگە ئۆزىنى ئاتىغان، خەلقىمىزنىڭ ئۈمىدلىك ئوغلانلىرى ئىكەن" دەپ تونۇپ، "ئىش ـ ئىزلىرىنى خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ياشلىرىمىزنى ئىلىم ـ پەن ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلىش بۇرچۇم" بار قارىدىم. نەتىجىدە، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا "مەڭگۈلۈك ياشلىق" نامدا ئىككى پارچە ئەدەبىي ئاخبارات يېزىپ چىقتىم. ئەسەرلەر ـ "تارىم" ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنىپ، جەمئىيەتتە ياخشى تەسىر پەيدا قىلغان چېغى، ئەينى چاغدا بۇ ئەسەرلەرگە ئىنكاس قىزغىن بولدى.

بۈگۈندىن مەن شۇنداق خۇلاسىگە كەلگەن ئىدىم، شۇ چاغدا:

خەلقىمىز ـ ئۆزىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتلىرىدىن سۆيۈنىدۇ، ئۇلارنى بىلىشنى

Unregistered

خالايدۇ ۋە ئۇلاردىن ئۈمىد كۈتىدۇ. يېتىلىۋاتقان ياشلىرىمىز بولسا ئاشۇ مۇنەۋۋەر ياشلىرىمىزنى ئۆزىگە ئۈلگە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىش ـ ئىزلىرىدىن رىغبەت ئالىدۇ، نەتىجىدە جەمئىيىتىمىز تەدرىجى ھالدا پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق قۇدرەت تېپىش، تەرەققى قىلىشتىن ئىبارەت توغرا ئېقىمنى تاللايدۇ. شۇنىڭ بىلەن رىقابەتلىك بۇ دۇنيادا كېلەچىكىمىز كاپالەتكە ئىگە بولىدۇ.

دۇنيادا ئۆز خەلقىمنىڭ ساھىبخانى بولۇشتىنمۇ ئارتۇق شەرەپ ۋە مۇقەددەس بۇرچ بولمىسا كېرەك. شۇڭا مەن ئەينى چاغدىلا ئۆز ـ ئۆزۈمگە ۋەدە بەرگەن ئىدىم:

مەيلى سەن بۈركۈت بول پەرۋاز ئەيلىگەن،
ئىلىم ـ پەن كۆكىدە قانىتىڭ كېرىپ.
مەن سەندىن سۆيۈنۈپ پەخىرلىنىمەن،
نامىڭنى ئالەمگە داستان قىلىمەن.

مەيلى سەن گۈل بولغىن خۇش پۇراق چاچقان،
پەزىلەت بېغىدا رەيھانە بولۇپ،
مەن سېنىڭ ھىدىڭنى تاراتقۇزىمەن،
تۆھپەڭنى خەلقىمگە ئاڭلاتقۇزىمەن!

**تىلسىملار دۇنياسىدا نۇر قۇچقان ئالىم(4)**

UnRegistered

**(ئەدەبىي ئاخبارات)**

**ئاپتورى: قەيسەر مىجىت**

错误！




Unregistered

**(داۋامى)**

**ئىلىم-پەننىڭ ۋەزىپىسى دۇنيانى، شەيئىلەرنى ۋە ھادىسىلەرنى چۈشەندۈرۈش، ھەمدە ئۇنىڭدىن ئېرىشكەن خۇلاسىنى ئىنسانىيەتنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن تەتبىقلاش.**

مەسلەن، ئۆپكە راكى نېمشقا پەيدا بولىدۇ؟ ئۇنى تاماكا چېكىش كەلتۈرۈپ چىقاردىمۇ؟ تاماكا چېكىش بىلەن ئۆپكە راكى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت زادى قانداق؟

مانا بۇ - بىر مېدىتسىنا تەتقىقاتچىسى قىلىدىغان ئىش.

نېمە ئۈچۈن بەزى ئادەملەر راك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولىدۇ؟ ئۇنىڭ سەۋەبى خىمىيەلىك ئامىللارنىڭ تەسىرىدىنمۇ ۋە ياكى گېننىڭ (گەنەتى) تەسىرىدىنمۇ؟

مانا بۇ - بىر دورا تەتقىقاتچىسى تەتقىق قىلىدىغان مەسىلە.

باشقا شارائىت ئۆزگەرمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، بىر گالون گازنىڭ باھاسى 1$ ئاشۇرۇلسا، ئۇنىڭغا بولغان تەلەپ قانچىلىك تۆۋەنلەيدۇ؟

مانا بۇ - بىر ئىقتىسادشۇناس تەتقىق قىلىدىغان مەسىلە.

جەمئىيەتتە كۆچلۈك تەسىر قوزغىغان، مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە ۋەقە ۋە ھادىسىلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى ۋە ياكى شەخسلەرنىڭ تارىخىنى، ئىش-ئىزلىرىنى بەدىئىي يوسۇندا بايان قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەتتە ساغلام بولغان ئىجتىمائىي مۇھىت ۋە ئاكتىپ كەيپىياتنىڭ يارىتىلىشىغا ئاز-تولا ھەسسە قوشۇش مەقسىدىدە ئىزدىنىش - ئۇ بىر ئەدەبىي ئاخباراتچىنىڭ ۋەزىپىسى.

Unregistered

مەن دورا تەتقىقات ئىلمى بويىچە ئۇيغۇرلاردىن يېتىشىپ چىققان خەلقئارالىق سەۋىيەگە ئىگە بۇ ئالىمنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىش تارىخىنى بىلمەك ھەمدە زادى قانداق ئامىللارنىڭ ئۇنىڭغا تەسىر قىلغانلىقىنى چۈشەنمەك مەقسىتىدە ئىزدىنىش لەشكەرلىرىمگە بۇيرۇق بەردىم.

سەپەرنى نەدىن باشلاش كېرەك؟ مەلۇم ساھەدە نەتىجە قازانغان شەخسلەرنىڭ مۇۋەپپىيەت تارىخى ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدە مۇنداق ئامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ: ـ ئائىلىۋى مۇھىت، جەمئىيەت مۇھىتى ۋە مائارىپ تەربىيىسى.

ئادەم ئاساسلىقى مانا مۇشۇلارنىڭ تەسىرى ئاستىدا ئۆزىنىڭ كىشىلىك بىلتىنى، خاراكتېرىنى ۋە سۇنداقلا شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىشىنى يېتىلدۈرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقتىن تەبىئىي ھالدا مەن دوكتور رىشاتنىڭ ئائىلىۋى مۇھىتىغا، ئۇنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخىغا قاراپ چىقتىم.

رىشات ئابباس ـ 1960 يىلى ئاۋغۇستتا ئاتۇشتا تۇغۇلغان. رىشاتنىڭ ئانىسى ئۆز يۇرتىغا قايتىپ بېرىپ بوشانغاندىن كېيىن، ئابباس بۇرھان ۋە مارىيە ئابلىز ـ ئايال ئىككىسى بوۋاق رىشاتنى ئېلىپ ئۈرۈمچىگە يەنى ئۆزلىرى خىزمەت قىلىۋاتقان ۋە ياشاۋاتقان شەھەرگە يېنىپ كەلگەن. رىشات شۇندىن ئېتىبارەن ئۈرۈمچىدە بىر زىيالى ئائىلىسىدە، ئۇيغۇر ئېلىدىكى مەشھۇر ئالىي مائارىپ گۈلشەنى بولغان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن. ئۇنىڭ

دادىسى ـ ـ ـ ئۇيغۇرلاردىن چىققان داڭلىق تەبىئىي پەنلەر ئالىمى، پەننى ئومۇملاشتۇرغۇچى يازغۇچى، پەننى ئومۇملاشتۇرۇش ئىشلىرى بويىچە بىر ئۆمۈر ئۆز خەلقىغە ھارماي ـ تالماي خىزمەت قىلىپ كەلگەن ۋە ھېلىھەم ئىلمىي خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇرىۋاتقان ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدىلا ئەمەس، بەلكى يەنە جۇڭگو پەن ـ تېخنىكا دائىرىسىدىمۇ چوڭ تەسىرى بولغان، ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر جامائەت ئەربابى ھۆرمەتلىك ئۇستاز ـ ئاببا‌س بۇرھان ئەپەندىدۇر.

مەن ئاببا‌س بۇرھان ئەپەندىنىڭ نامىنى ـ ئۇلۇغچاتتا تولۇقسىز ئوتتۇرىنىڭ 1 ـ يىللىغىدا ئوقۇۋاتقىنىمدا، ئىسمائىلجان رېھىم ئىسىملىك بوتانىكا ئوقۇتقۇچىمىزدىن ئاڭلىغان ۋە كېيىنچە بۇ ئالىم يازغان "قۇشلار ـ ئىنسانلارنىڭ دوستى"ـ "ئىرسىيەت ۋە ئىرسىيەت قۇرۇلۇشى" ... قاتارلىق كىتابلىرىنى ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئۆسمۈر چاغلىرىمدىن باشلاپلا بۇ زاتقا چوڭقۇر ھۆرمەت تۇيغۇسىدا بولغان ئىدىم. "كۆرگىنىڭدىن كۆيۈنۈر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرەرسەن ئۆلمىگىنىڭ" دېگەندەك، مەن ئاببا‌س بۇرھان ئەپەندىنى 1997 ـ يىلى ياز مەزگىلىدە ئۈرۈمچىدە كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولدۇم. تەبىئەتتىكى كىچىك پېئىللىق، مۇلايىملىق ۋە مېھرىبانلىق ھەم ھەققى مەنىدىكى بىر ئالىمدا بولۇشقا تېگىشلىك ئادىمىيلىك خىسلەتلىرى مەندە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغىنى ئۈچۈن مەزكۇر ئاخباراتتا بۇ زات ھەققىدە ئىككى ئېغىز توختىلىپ ئۆتۈشنى توغرا كۆردۇم.

ئاببا‌س بۇرھان ئەپەندى ـ2 19 يىلى ئۆكتەبىردە جاھالەت ۋە نادانلىق

Unregistered

دەستىدىن قاراڭغۇلۇقتا قالغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىگە، مەدەنىيەت ۋە ئاقارتىش مەشئىلىنى ياققان، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان مائارىپى ئاپىرىدە بولغان، ئۇيغۇرلارغا مەشھۇر ئانا ماكان ـ ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئۇستۇن ئاتۇش يېزىسى ئىكساق كەنتىدە بىر مەرىپەتۇەر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئائىلىسى ۋە ئەتراپىدىكى مۇھىتنىڭ تەسىرىدىن بولسا كېرەك، ئۇ كىچىكىدىنلا ئىلىمگە ھېرىسمەن بولۇپ يېتىشكەن. بالىلىق ۋە ياشلىق مەزگىللىرىدىن تارتىپلا ئەجدادلىرىنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، پەن ـ تېخنىكا ئۇرۇغىنى ئۆز خەلقىنىڭ قەلبىگە چېچىش، پەن ـ مەدەنىيەت ئارقىلىق خەلقىنى ئاقارتىش، ئۇلارنى روناق تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت مۇقەددەس ئىستەكنى كۆڭلىگە پۈككەن.

ئاباس بۇرھان ئەپەندى 1956 ـ يىلى بېيجىڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىئولوگىيە كەسپىنى پۈتتۈرۈپ ئۈرۈمچىدە ئۇنىۋېرسىتېتتا ئۇزۇن مەزگىل ئاقارتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ مەيلى ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، فاكۇلتېت مۇدىرى بولغان ۋە ياكى ئۇنىۋېرسىتېت مۇدىرى بولغان مەزگىللىرىدە بولسۇن ۋە ياكى ئاپتونوم رايونلۇق پەن ـ تېخنىكا جەمىيىتىنىڭ رەئىسى بولغان ۋاقىتلىرىدا بولسۇن، ھەر ۋاقىت ئىلىم ـ پەن ئارقىلىق ئۆز خەلقىنى روناق تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىدىيە بىلەن بىر تەرەپتىن ئىلمىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىدىغان دادىل رەھبەر بولدى.

ئاباس بۇرھان ئەپەندى ـ ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئىلمىي ئىزدىنىش ۋە پەن تەتقىقات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش جەريانىدا ھەر خىل گېزىت ژۇرناللاردا

Unregistered

400 پارچىدىن ئارتۇق پەننى ماقالىلەرنى ئېلان قىلدى ھەمدە 20 گە يېقىن ئىلىم ـ پەننى ئومۇملاشتۇرۇشقا ئائىت كىتابنى يېزىپ چىقتى. ئۇ يەنە پەن ـ تېخنىكا سەپىدىكى رەھبەرلىك رولىنى ئۈنۈملۈك جارى قىلدۇرۇپ، ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا نىسبەتەن سىستېمىلىق ۋە مۇنتىزىم بولغان پەننى ئومۇملاشتۇرۇش تۈزۈلمىسىنى قۇرۇپ چىقىشتا لايىھىلىگۈچى، تەشەببۇسچى، باشچى ۋە يېتەكچى ھەمدە كۈچلۈك قوللىغۇچى بولدى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇيغۇر تىلىدا نەشر قىلىنىۋاتقان "بىلىم ـ كۈچ" "پەن ۋە تۇرمۇش" قاتارلىق پەننىي ژۇرناللار مانا بۇ ھۆرمەتلىك ئۇستازنىڭ بىۋاستە ئەجرىنىڭ مېغىزلىرىدۇر.

ئۇندىن باشقا ئۇ يەنە ھەر خىل ئەمەلىي قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ئۇيغۇر ئېلىدە تۇنجى "پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاستۇرۇش نەشرىياتىنى ئۆز قولى بىلەن قۇرۇپ چىقتى. " ئاباس بۇرھان ئەپەندىنىڭ تۆھپىسگە لايىق، جەمئىيەت ئۇنىڭغا نۇرغۇن شان ـ شەرەپلەرنى ئاتا قىلدى. نۇرغۇنلىغان مۇكاپاتلارغا ئېرىشكىنىنى بۇ يەردە سۆزلىمەيلا قوياي، 1986 ـ يىلى ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ بەرگەن "پەن ـ تېخنىكا ئۇرۇغىنى چاچقۇچى" دېگەن نام ئۇنىڭ ئۆز خەلقىغە قوشقان تۆھپىسنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ئەڭ مۇۋاپىق باھادۇر. مەرپەتپەرۋەر خەلقىمىز ھەم بۇ زاتقا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈشىدۇر. دەسلەپ، ئاباس بۇرھان ئەپەندى ئۆيىدىن چىقىپ، سىرتقا ماڭغاندا مەھەللىسىدىكى تىجارەتچىلەر، ئاشخانا ئىگىلىرى، ئۆزى كىچىك پېئىل، خەلق بىلەن بىر سەپتىكى بۇ زاتنى ھۆرمەت بىلەن مۇنداق تەكلىپ قىلىشىدىغانلىقىنى ئاباس ئاكا بىلەن پاراڭلىشىپ كېتىۋاتقان ۋاقتىمدا بىر نەچچە يەردىن ئاڭلاپ ھەيران ۋە قايىل بولغان ئىدىم:

ـ ـ ـ ئەپەندىم، قاسقانغا سالغان مانتىلار پىشىپ قالدى، مانتىغا ئېگىز تېگىپ ماڭسىلا.

ـ ـ ـ ئەپەندىم، تازا قارا قويىنىڭ گۆشىدە مەززىلىك قىلىپ 5 زىخ كاۋاپ قويۇپ بېرەي، يەۋالسىلا.

دوكتور رىشات ئابباسىنىڭ ئاپىسى ـ مەرھۇمە مارىيە ئابلىز خانىم، ئۇيغۇرلارنىڭ ھۆرلۈكى ۋە بەختى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۈرەش قىلغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ قەيسەر جەڭچىسى، ۋە قابىل تەشكىللىگۈچى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ پەخرىلىك ئوغلى مەرھۇم ئابلىز نىياز ئەپەندىنىڭ قىزى بولۇپ، مەن بۇ يەردە ئالدى بىلەن مەرھۇمەنىڭ ياتقان جايىغا جەننەت تىلەش بىلەن بىرلىكتە، مارىيە خانىم ھەققىدە يەنى مۇشۇنداق بىر پەخرلىك ئوغلاننى تۇغۇپ ۋە يېتىلدۈرۈپ چىققان ئۇلۇغ ئانا ھەققىدە ئىككى ئېغىز ئەسلەپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ قارايمەن. چۈنكى بۇ دۇنيادا ياخشى ئىش، ياخشى ئىنسانلار، ھۆرمەت ۋە سېغىنىش ئىچىدە ئەسلىنىپ تۇرسا، ھايات ياشاۋاتقانلارنىڭ ياخشىلىق بىلەن ياشاپ ئۆتۈشىگە ئۈلگە ۋە تۈرتكە بولىدۇ. ئەسكى ئىش ۋە رەزىللىكلەر نەپرەت ئىچىدە سۆزلىنىپ تۇرسا، ھايات ياشاۋاتقانلارغا نىسبەتەن ئاگاھلاندۇرۇش بولىدۇ.

مەرھۇمە مارىيە ئابلىز خانىم ـ 8 19 يىلى 18 ـ مارتتا ئاتۇشنىڭ كاتتايلاق يېزىسىدا بىر مەرىپەتۋەر ۋە ئىنقىلابچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، 1950 ـ يىللاردا ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مېدىتسىنا مەكتىپىدە كىلىنىكىلىق داۋالاش كەسپىدە ئوقۇپ ئوقۇش پۈتتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئالىي مائارىپىنىڭ كۆزى

Unregistered

بولغان ئۈنىۋېرسىتېتتا دوختۇر ۋە باش دوختۇر بولۇپ 40 يىلدىن ئارتۇق جانپىدالىق بىلەن خىزمەت ئىشلىدى. پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن هاياتنى قىزغىن سۆيىدىغان ۋە ئىشچانلىقنىڭ، تىرىشچانلىقنىڭ ئىنسانغا سائادەت ئېلىپ كېلىدىغىنىغا ئىشىنىدىغان ئەقىل ـ پاراسەتلىك بۇ سۆيۈملۈك ئانا ـ ئۇيغۇر تاتلىق يېمەكلىكلىرىنى تاۋارلاشتۇرۇپ بازارغا سېلىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى ۋە شۇ ئارقىلىق ئىش كۆتۈپ تۇرغان بەزى خانىم ـ قىزلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر ئائىلىلىرىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقلارنى ئۆز ئەمگىكى بىلەن يېنىكلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىپ ئۆرۈمچىدە تۇنجى قېتىم ئۇيغۇر تورت ـ يېمەكلىرى كارخانىسىنى قۇرۇپ، ۋە نۇرغۇن خانىم ـ قىزلارنى بۇ ساهەدە يېتىلدۈرۈپ، ئۆرۈمچىنىڭ كۆپ ئورۇنلىرىدا تاتلىق يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇپ سېتىش دۇكانلىرىنى قۇرۇشقا ياردەمدە بولدى. كېيىنچە ئۇ ئۆزىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا شەهەرلىرىگىمۇ كېڭەيتتى، ئۇنىڭ تەجرىبىسىدىن ئىلهام ئالغان نۇرغۇنلىغان خانىملار ئاشۇ خىل ئىگىلىك تىكلەش يولىدىن مېڭىپ هەم ئۆزىنىڭ ياشاش شارائىتىنى ياخشىلىدى هەم باشقىلارغا سايىسىنى چۈشۈرۈپ، ئۇلارغا خىزمەتكە ئورۇنلىشىش پۇرستى يارىتىپ بەردى. 5 يىل ئىچىدە مارىيە ئابلىز خانىمنىڭ ئەجرى بىلەن يارىتىلغان ۋە تەرەققى قىلغان بۇ كارخانىچىلىق كەسپى ئۇيغۇر ئېلىدە ئومۇملىشىپ، 0 ـ 40 ئەتراپىدىكى شەهەر، ناهىيە، كەنت، بازارلاردا بولۇپ، 1000 غا يېقىن پىشۇرۇپ سېتىش دۇكانلىرى قۇرۇلۇپ، نەچچە مىڭلىغان ئۇيغۇر خانىم ـ قىزلىرىنىڭ ئىشسىزلىق ۋە ئائىلە ئىقتىسادى مەسىلىلىرى هەل بولدى. مەرهۇمە مارىيە خانىم ـ ئاقكۆڭۈل، سېخى هەم ياخشى نىيەتلىك ئىنسان بولۇپ، هايات چېغىدا ياردەم قولىنى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلى ئازاب تارتىۋاتقان ئاغرىق ـ سىلاقلارغا ۋە كەمبەغەل،

Unregistered

يېتىم ـ يېسىرلارغا سۇنغانلىقى ئۈچۈن، 2004 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، مارىيە خانىم ۋاپات بولغان كۈنى، كىشىلەر "ئۈرۈمچى ئاسمىنىدىن بىر خەيرى ـ ساخاۋەت يۇلتۇزى ئۆچتى" دەپ ھەسرەت چېكىشتى.

رىشات ئابباس ـ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مانا مۇشۇنداق بىر جۈپ مۇنەۋۋەر ئوغۇل ـ قىزىنىڭ پەرزەنتى.

دوكتور رىشات ئابباسنىڭ يېتىلىپ چىقىشىنى دىئالېكتىك نۇقتىئىنەزەر بىلەن ئۆزەتكەندە، بۇ يەردە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىك ئىككى سەۋەب بار. بىرى تاشقى سەۋەب، يەنە بىرى ئىچكى سەۋەب.

رىشات ئابباس ـ ئۆزىنىڭ ئىلىم ـ پەنگە ھېرىسمەنلىكىنى، ئەتراپىدىكى شەيئىلەرگە بولغان قىزىقىشىنى، خاراكتېرىدىكى ئېغىر ـ بېسىقلىقنى ئالىم دادىسىدىن ئۆرنەك ئالغان بولسا، ئۆزىنىڭ باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، مەسئۇلىيەتچانلىق ۋە دورا تەتقىقات ئىلمىگە بولغان قىزىقىشىنى ـ ئاپىسىنىڭ دوختۇر ئىكەنلىكىدەك سەۋەبىنىڭ ئۆزىنىڭ ئىدرىكىنى ئويغىتىشىدىن دەپ قارايدۇ.

ـ ـ ـ ئەقلىمگە كەلسەم، دەپ گەپ باشلىدى ئۇ ـ ـ تېخى يېقىندا بوستونغا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا كەلگەن پەيتتە، دادامنىڭ دائىم كىتاب ۋە

ـ قەلەم بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگىنىنى كۆرەتتىم، بىزنى ئويناتقىلى سىرتقا ئېلىپ چىقسىمۇ، يەكشەنبە كۈنلىرىمۇ، سەھەردىمۇ ـ كەچتىمۇ، قاچانلا بولسا،

Unregistered

ئازراق بوش ۋاقتى بولسلا كىتاب كۆرەتتى، ھەدەپ بىر نېمىلەرنى يازاتتى. مەن كىچىك بولغاچقا، "كىتاب دىگەن زادى قانداق قىزىق نەرسىدۇ؟ دادام بۇنچە ئىچىگە كىرىپ كەتكۇدەك" دەپ ئويلايتتىم، ھەتتا نەچچە رەت دادامدىن:

»دادا، سىنىڭ بىزگە ئوخشاش سىرتتا ئوينىغىڭ كەلمەمدۇ؟« دەپ سورىغىنىم ئېسىمدە. دادامنىڭ چاينى قىنىق دەملىۋېلىپ، يېزىقچىلىق ئۈستىلدە بىر نېمىلەرنى يازىدىغان قىياپىتى ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدا. ئوغۇل بالا دادىسىنى دورايدۇ دەپ، مەنمۇ باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ - يىللىقىدىن باشلاپ دادامنىڭ يېنىدا جىم ئولتۇرۇپ گەپ-سۆز قىلماي كىتاب كۆرۈپ، ئۆگىنىش قىلىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈردۈم.

تىلسىملار دۇنياسىدا نۇر قۇچقان ئالىم(5)

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئاپتورى: قەيسەر مىجىت

(داۋامى)

UnRegistered




رىشات ئاباسىنىڭ دورا تەتقىقات ئىلمىگە قىزىقىشىغا مۇنۇ ئىش سەۋەب بولىدۇ. ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئاتۇشتىن بىر ھاممىسى ئۇلارنى يوقلىغاچ ئۈرۈمچىگە كېسەل كۆرسەتكىلى كېلىدۇ. مارىيە خانىم تۇغقىنىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا رېتسىپ يازىدۇ ۋە ئۇنى ئوكۇل ھەم دورا بىلەن ئۆزى بىر قوللۇق داۋالايدۇ.

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، يېڭى كەلگەندە "ئۇ يېرىم ئاغرىدى، بۇ يېرىم ئاغرىدى" دەپ ۋايساپ، يېرىم تەخسە لەغمەننى ئاران يەيدىغان بۇ موماي بىردىنلا ۋايساشنى توختىتىدۇ، ئىشتىھاسى ئېچىلىدۇ، روھمۇ كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئاپىسىغا ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. بۇ ئەھۋال ـ شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئاپىسىنىڭ دوختۇر ئىكەنلىكىنى بىلسىمۇ، ئۇنىڭغا ئانچە ئېرەن قىلمىغان ئۆسمۈر رىشاتنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئوي كىرىۋالىدۇ. "ئاپام قانداقسىگە، بىر ئاغرىق تۇغقىنىنى ساقايتىۋېتىدۇ؟ دورا بېرىپ، ئوكۇل ئۇرغانلىقى ئۈچۈن ساقايتىۋەتتى دېسەم توغرا بولارمۇ؟ دورا ـ ئوكۇل دېگەن نەرسە زادى قانداق قىلىپ كېسەللەرنى ساقايتىدۇ؟ بۇنىڭدىكى سىر زادى نەدە؟

ئىشنىڭ تەكتىگە يەتمىگۈچە بولدى قىلمايدىغان رىشات بىر كۈنى ئويلىغانلىرىنى ئاپىسىدىن سورىدى. بالىسىنىڭ سورىغان سوئالىدىن ئۇنىڭ بىر نەرسىگە

UnRegistered

قىزىقىۋاتقانلىقىنى بايقىغان سەزگۈر ئانا ، بۇنىڭدىن خۇش بولدى ، ھەم ئۆيدىكى ئادەمنىڭ فىزىئولوگىيەلىك تۈزۈلۈشىنى كۆرسىتىدىغان مودىلنى ئۇنىڭغا كورسۇتۇپ چۈشەندۈرۈش بىرىپ ئۆتكەندىن كىيىن ، مۇنداق دىدى:

ـ ـ ـ ئىسىڭدە تۇت بالام ، ئادەم داۋالاشتا مۇنداق ئىككى نەرسە مۇھىم: مەلۇم كىسەلنىڭ پەيدا بولۇشى سەۋەبسىز بولمايدۇ ، شۇڭا كىسەلنىڭ نىملىكىگە توغرا دىئاگنوز قويۇش ، يەنى ئۇنىڭ نىمە سەۋەبتىن كىلىپ چىققانلىقىنى ئىنىقلاش ـ بۇ مۇھىم ئۆتكەل . سەۋەبنى ئىنىقلاپ بولغاندىن كىيىن ئۇنىنغا قارىتا مۇۋاپىق داۋالاش تەدبىرىنى بەلگىلەش بۇمۇ ئوخشاشلا مۇھىم . چۈنكى كىسەلگە بىرىلگەن دىئاگنوز چانچەملىك توغرا بولمىسۇن ، ئەگەر ئۇنىنغا قارىتا توغرا داۋالاش تەدبىرى ، مۇھىمى كىسەلنى تىزگىنلەيدىغان دورا ئوكۇللار بولمىسا ، يەنىلا كىسەلنى ئازابتىن قۇتقۇزغىلى ، بىمارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ .

ئەمدىلەتىن ئەتراپىدىكى ئىشلارغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراشقا باشلاۋاتقان بۇ ياش بوغۇنغا ، ئاپىسى مارىيە خانىمنىڭ سۆزى ناھايىتى كۈچلۈك تەسىر قىلدى . شۇ كۈنى ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئاجايىپ ئوي خىياللار ، سوئاللار ۋە تاتلىق چۈشلەر تۈنەك ئەتتى .

"كىسەلگە توغرا بىرىلگەن دورا كىسەلنى ساقايتىدىكەن . بۇ نىمە ئۈچۈن ؟ دۇنيادا ھەممە كىسەلنى ساقايتىۋىتىدىغان دورا بارمدۇر ؟ بولمىسا ئۇنى ياسسا بولمامدىغاندۇ ؟ زادى ئۇنى كىشلەر قانداق ياسايدۇ ؟ ئەگەر بىر كۈنلەردە مەن

UnRegistered

ئاشۇنداق بىر دورىنى ياسىۋەتسەم ـ ھە! مۇنۇ ئاغرىق دەستىدىن قىينىلىۋاتقان ئادەملەر ساقىيىپ ساق ئادەملەردەك ئىچىلىپ ـ يېيىلىپ ھاياتنىڭ خوۋلىقىنى كۆرسە؟ شىپالىق دورىنىڭ بولمىغانلىقى تۈپەيلى، ئاتا ـ ئانىلار بۇرۇن ئۆلۈپ كەتمىسە، بالىلىرىنى باقسا، بالىلار يېتىم قالمىسا، ئانىلىرىنىڭ قۇچاقلىرىدا، دادىلىرىنىڭ مۇرىلىرىدە مېھر ـ مۇھەببەتكە قېنىپ چوڭ بولسا&ھەللىپ؛ھەي، مۇنۇ سەمەت ئاكا ئاشقازان كېسلى بىلەن ياشلا تۈگەپ كەتتى، ئەگەر ئۇنى ساقايتقىلى بولىدىغان دورا بولغان بولسا، رۇستەممۇ بۈگۈنكى كۈندە بۇنداق مەيۇس يۈرمەيتتى...

ئۇ شۇ كۈنى كېچىسى ئۆزىنى جەنۇبىي تاغقا ھەممە كېسەلگە شىپا بولىدىغان خاسىيەتلىك دورا ئۆسۈملۈكىنى ئىزدەپ سەپەر قىلىپ چۈش كۆردى ۋە چۈشىدە مۇنداق ئىش كۆردى.

مانا ئۇ تاغ قاپتاللىرىدىن ئېشىپ، قارىغايزارلىق ئارىسىدا كېتىۋاتىدۇ، نەلەردىندۇر ھەر خىل قۇشلارنىڭ سايراشلىرى، كالا ـ قويلارنىڭ مۆرەشلىرى ـ مەرەشلىرى، ئېگىز قوراي تاشلار ئارىسىدىن شارقىراتمىنىڭ ساداسى كېلىۋاتىدۇ. ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى ئاشۇ ھەممىگە قادىر ـ خاسىيەتلىك ئۆسۈملۈكنى تېپىشتا. ماڭە ـ ماڭە، ئۇ ئاخىر چەكسىزلىككە تۇتاشقان ياپ ـ يېشىللىققا چىقىپ قالدى. ئۇ بارماقچى بولغان تاغ ئابايا ناھايىتى يېقىندىلا تۇرغاندەك كۆرۈنگەن ئىدى، ئەمدى ئۇ پايانسىز يېشىللىققا چىقىپ قارىسا، ھېلىقى تاغ بارغانچە يىراقلاپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. "ھەجەپ ئۇزۇن ۋە جاپالىق يول ئىكەنا ـ بۇ؟".

UnRegistered

"ئۇھ"، ھاردۇق يەتتىمكىن، ئۇ بىر ئاز كۆزىنى ئىلىۋالماق بولۇپ ئۆزىنى چۆپلۈككە تاشلىدى -يۇ، ئەمما خىزىر سۈپەت بىر بوۋاينىڭ تۇيۇقسىز ئالدىدا پەيدا بولۇپ ئۆزىگە مېھرىۋانلىق بىلەن قاراپ كۈلۈپ تۇرغىنىنى كۆردى ۋە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ بوۋايغا سالام بەردى:

- -سالام بوۋا.

- - -ئوغلۇم، بىر چىرايلىق يۇرۇپسەنغۇ؟

- -تاغدىن خاسىيەتلىك دورا ئۆسۈملۈكنى ئىزدەپ ماڭغان، ماڭسام-ماڭسام بۇ يول تۈگەر ئەمەس، ھاردۇق يېتىپ، بۇ يەردە ئازراق ئارام ئالاي دېگەن ئىدىم.

- - -ئۇ ئۆسۈملۈكنى نېمە قىلماقچى ئىدىڭ؟ بوۋاي سورىدى ئۇنىڭدىن.

- - - دورا ياساپ، كېسەل ئادەملەرنى داۋالاپ، ئۇلارنىڭ ئازابىنى يېنىكلىتەي دەپ ئويلىغان.

- - -بارىكالla ئوغلۇم، - - دېدى بوۋاي ساقلىنى سىلاپ تۇرۇپ ۋە:

- - -ماڭ بالام، ماڭ. سەپىرىڭدىن يانما. نىيىتىڭ ئۇلۇغ، كۆڭلۈڭ ئاق بالا

UnRegistered

ئىكەنسەن. دۇنيادا باشقىلارنىڭ غېمىنى يېيىش، باشقىلارنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن ئۆزىنى بېغىشلاشتىنمۇ ئارتۇق ئۇلۇغ نىيەت بولمايدۇ. تەڭرىم، ھەر كىشىنىڭ نىيىتىگە يارىشا ئۇنىڭ رىسقىنى بېرىدۇ. كۆڭلۈڭ ئاق، نىيىتىڭ پاك بولغىنى ئۈچۈن ساڭا دۇئا قىلاي:

ـ ـ ـ توپا ئالساڭ ئالتۇن بولسۇن، كۈل ئالساڭ كۈمۈش بولسۇن. سەپىرىڭ ئوڭۇشلۇق بولسۇن، سېنى مۇنۇ دۇلدۇل تاغ باغرىغا يەتكۈزۈپ قويسۇن، مەقسىدىڭگە يەتكەيسەن، ئامىن!

بوۋاي ئىككى قولىنى ئىگىز كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى ۋە ئۇنى چاپچىپ تۇرغان ئاق بوز ئاتقا مىندۈرۈپ، "چۇھ" دېدى. ئاتنىڭ تاغ باغرىغا قاراپ ئوقتەك ئېتىلىشى بىلەن "ۋاي" دەپ ۋارقىراپ سالغان رىشاتنى ئاكىسى نىجات ئويغاتتى.

ـ ـ ـ ئوكام، ئوكام، نېمە بولدۇڭ؟ چىلىق ـ چىلىق تەر بوپ كېتىپسەنغۇ؟

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى ئاپىسىدىن پات ـ پات ئاڭلاپ تۇرىدىغان ئۆسمۈر رىشاتنىڭ چۈشىگە ئاپىسىنىڭ "بالام ساڭا چۈشۈڭدە ئەۋلىيا يولۇقۇپتۇ، كەلگۈسىدە كاتتا بىر ئادەم بولغىدەكسەن" دەپ تەبىر بېرىشى بىلەن ئۇنىڭغا بىر خىل غايىۋانە كۈچ كىرگەندەك بولدى.

كۈنلەر كۈلدۈرۈپ، ئايلار ئايلىنىپ، يىللار يورغىلاپ كېتىۋەردى، ئەمما ھېلىقى چۈش تا ھازىرغىچە ئۇنىڭغا تېخى بۈگۈن تاڭ سابادا كۆرگەندەك يېڭى ۋە

UnRegistered

مۇقەددەس تۇيۇلىدۇ.

ئەنە ئاشۇ مۇقەددەس چۈش ـ رىشاتنىڭ كېيىنكى كەسپىي ھاياتى ۋە كىشىلىك تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان قارارلارنى چىقىرىشىدا زور رول ئوينىدى.

رىشات ئابباس ئۆسۈپ يېتىلىپ 1978 ـ يىلىغا كەلگەندە يەنى ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرگەن ئاشۇ يىلى، ھېچ ئىككىلەنمەيلا شىنجىئاڭ تېببىي ئىنستىتۇتىنىڭ دورىگەرلىك كەسپىنى تاللىدى، چۈنكى بالا چاغلىرىدا ئۆزىگە ئۆزى قويغان سوئالغا جاۋاب تېپىش، چۈشىدە كۆرگەنلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئارزۇسى ئۇنىڭ قەلبىدە ئوتتەك يالقۇنجايتتى ۋە ئۇنى شۇ يۆنىلىشكە قاراپ مېڭىشقا ئىلھاملاندۇراتتى.

ئۇ ـ 80 يىللىرىنىڭ باشلىرىدا ئەلا نەتىجە بىلەن دورىگەرلىك كەسپىنى تاماملاپ، تېببىي ئىنستىتۇتتا دورا تەتقىقات خىزمىتىنى تاللىۋالدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ دورىگەرلىك ئىلمىنىڭ بوشلۇغىسىدىن ئەمدىلا قەدەم ئېلىپ كىرگىنىنى، بۇ ساھەدە ئۆزى بىلىشكە ، ئۆگىنىشكە تېگىشلىك نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يەتكەن ئىدى.

ئادەتتە ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ خىزمەتكە چىققان كىشىلەرنىڭ كۆپى ئۆزلىرىنى "ئىلىم ئۆگىنىش جەھەتتە ئاخىرقى بېكەتكە يەتتۇق"*** ****** جاھاندارچىلىقنىڭ كويىغا چۈشۈپ كېتىشىدۇ. رىشات ئۇنىڭ ئەكسىچە "مېنىڭ ئۆگىنىدىغان مەزگىلىم ئەمدى باشلاندى" دەپ قارىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئالىي

UnRegistered

مەكتەپتە ئىشلەش پۈرستىدىن پايدىنىلىپ، "ستاتىستىكا""" "ئانالىز خىمىيە"""
"دورىگەرلىك ئىلمى" ۋە "دورىگەرلىك ئىلمى ئۈچۈن كەسپىي ئىنگلىزچە"
قاتارلىق دەرسلەرنى تاللاپ ئوقۇپ ئۆزىنى كۈتۈپ تۇرغان كېلەچەكتىكى سەپەر
ئۈچۈن "ئوزۇق" تەييارلىدى.

198 ـ يىلى فاكۇلتېت رەھبەرلىكى، ئۆزى زېرەك ھەم تىرىشچان بۇ ئىجتىھاتلىق
ياشنى نەنجاڭ شەھرىگە جايلاشقان جۇڭگو دورىگەرلىك ئۇنىۋېرستېتىغا بىلىم
ئاشۇرۇشقا ئەۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆز ئارزۇسىغا بولغان ئېتىقادى تېخىمۇ
كۈچەيدى. خۇددى ھازىرمۇ تونۇلغاندەك بۇ ئۇنىۋېرستېت جۇڭگونىڭ
دورىگەرلىك ساھەسىدىكى ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان مەكتەپ بولۇپ،
يېتىشكەن ئالىملار، چەت ئەلدە ئوقۇپ كەلگەن دوكتورلار توپلاشقان مەرىپەت
بوشۇكى ئىدى. رىشاتنىڭ بۇ مەكتەپكە كىلىنكىلىق دورىلارنى تەتقىق قىلىش
ئىلمى بويىچە بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىلىشى ـ ـ ئۇنىڭ كەسپىي بىلىملەرنى
پۇختىلىشى ئۈچۈن پۇرسەت ھازىرلاپ بېرىپلا قالماي، بەلكى يەنە ئۇنىڭ
كېيىنكى قەدەمنى قەيەرگە ۋە قانداق ئېلىشىغا ئىدىيە ۋە ئۇسۇل جەھەتتىن زېمىن
ھازىرلاپ بەردى. بولۇپمۇ چەت ئەللەردە ئوقۇپ قايتىپ كەلگەن
پروفېسسورلارنىڭ مول بىلىملىرى ۋە ئۇلارنىڭ چەت ئەلدىكى ئىلمىي ژۇرناللاردا
نەچچە پارچە ماقالە ئېلان قىلىشى رىشاتنىڭ دورا تەتقىقات ئىلمىنىڭ
خەلقئارادىكى تەرەققىياتىغا قىزىقىشىغا تۈرتكە بولدى. پروفېسسورلار بىلەن
ولغان بىر قېتىملىق سۆھبەتتە، جاسارىتى تەپچىپ تۇرغان، زېھنى ئۆتكۈر بۇ
ئۇيغۇر يىگىتكە بىر مۇئەللىم مۇنداق دېگەن ئىدى:

Unregistered

ـ ـ ـ دورا تەتقىقات ئىلمىدا يېڭى نەزىرىيە بەك مۇھىم بولۇپلا قالماي، يەنە تەجرىبە مۇھىتى ـ ماددى شارائىت ۋە كەسپىي جەھەتتە ئۇچۇر ئالماشتۇرۇشمۇ ناھايىتى مۇھىم. ئىقتىسادى تەرەققى قىلغان ۋە پەن ـ تەخنىكىدا ئىلغار ئەللەردە بۇ ئىككىلا شارائىت يېتەرلىك. ئەگەر مۇشۇ ساھەدە داۋاملىق بىلىم ئالاي دېسىڭىز غەربتىكى ئەللەرگە چىقىپ ئوقۇش كېرەك.


رىشات نەنجىڭدىن "مەن چوقۇم غەربتىكى دورا تەتقىقات ساھەسىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان دۆلەتكە چىقىپ ئوقۇيمەن" دېگەن نىيەت ۋە ئىرادە بىلەن يېنىپ كەلدى.

تىلسىملار دۇنياسىدا نۇر قۇچقان ئالىم(6)

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئاپتورى: قەيسەر مىجىت

！错误




**رەسمدە در. رىشات ئابباس پروفېسسور هايتون بىلەن بىللە.**

UnRegistered

**(داۋامى)**

**80 ـ يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرى&مداش ؛جۇڭگونىڭ ئىسلاھات ۋە ئىشكنى ئېچىۋېتىش سىياستى شېنجېن ۋە جۇخەينى مەركەز قىلغان دېڭىز بويى رايونلىرىدا ئەمدىلەتىن مېۋە بېرىشكە باشلىغان بولۇپ، سىياسەت جەھەتتىكى ئەۋزەللىك ، ۋە ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كىرىۋاتقان چەت ئەلنىڭ ئىلغار پەن ـ**

تېخهنكسى، مەبلغى ۋە يېڭى باشقۇرۇش ئۇسۇلى بۇ يەردىكى كىشلەرنىڭ، تۇرمۇش ئۇسۇلىدا، ئىنتىلىشىدە، ئوي ـ پىكرىدە ئۆزگىرىش پەيدا قىلىۋاتقان چاغلار ئىدى. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا تېخى سولچىل ئىدىيەنىڭ تەسرى تۈگىمىگەن چاغلار بولۇپ، كىشلەرنىڭ پەن ـ تېخنكىدا ئىلغار دۆلەتلەرگە چىقىپ ئوقۇش ئىدىيىسى ئېھتىياتچانلىق ئىچىدە ئاستا ـ * ئويغىنىۋاتقان ھەمدە ياپونىيە ۋە غەربتىكى ئەللەرگە يىلىغا بىر نەچچىدىن ئوقۇغۇچى ئىلىم ئىزدەپ ماڭغىلى باشلىغان چاغلار ئىدى.

ئارزۇلارغا باي، كەلگۈسىگە ئۈمىد بىلەن قارايدىغان ياش رىشات ـ نەنجىڭدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى ۋە داۋىسى بىلەن قىلىشقان سۆھبەتلىرىگە ئاساسەن ئاخىر مۇنداق خۇلاسىگە كەلدى:

*بىز ياشۋاتقان جەمئىيەت تەرەققى قىلىشى ئۈچۈن، ھەر ساھە پەن تېخنكا خادىملىرىغا ، ئىختىساس ئىگىلىرىگە مۇھتاج، ئات بەيگىسىگە كەڭرى مەيدان كېرەك بولغاندەك، مەن كەسپىمدە نەتىجە قازىنىمەن دەيدىكەنمەن، ماڭىمۇ زۆرۈر بولغان شارا 'ئىت كېرەك. مەن چوقۇم بوشاشماي تىرىشىپ بۇ شارا ' ئىتنى يارىتىشىم كېرەك .*

قايسى بىر مەشھۇر كىشى شۇنداق دېگەن ئىكەن. "بىر ئادەم ئۈچۈن ئۇنىڭ نېمە قىلالىشى ئەمەس، نېملەرنى قىلالمايدىغانلىقىنى بىلىشى ـ ئۇنىڭ ئىشلاردا مۇۋەپپىيەت قازىنىشىنىڭ ئاچقۇچى".

رىشات دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ئۆزىنىڭ نىمىنى ناھايىتى ياخشى قىلالايدىغانلىقىنى بىلەتتى ۋە كونىلارنىڭ ئەيتقان "قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كوڭۇل قويغان ئادەمگە" دىگەن سوزىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنىڭ زىھنى ـ قۇدرىتى، ھەم ئىگىلىمەس ئىرادىسىگە تايىنىپ ئۇسمۇر چاغلىرىدىن باشلاپ خىيال قىلغان تىلسىملار ئوكيانىغا غەۋۋاس كەبى شۇڭغۇشقا تەييار بولۇپ بولغان ئىدى. ئۇنىڭ تەپپەككۇرى ئۇچقۇر، نىشانى ئايدىڭ ئىدى، كوزلىگەن مەقسىدىگە يىتىش، يەنى ھەقىقى ئىسمى جىسمىغا لايىق ئالىم بولۇش ئۇچۇن، ئۇ كۇندۇلۇك تۇرمۇشنىڭ تۇگىمەس سۇئاللىرىغا جاۋاپ بىرىش بىلەن ئاۋارە بولۇپ يۇرمىدى، بەلكى كوپىنچە ۋاقتىنى ۋە زەھنىنى نىشانىغا يىتىش ئۇچۇن زورۇر بولغان ۋاستىلەرنى ئىگەللەشكە سەرپ قىلدى. ئۇنىڭ 1984 يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ چوڭلار مۇئارىپ ئىنستىتۇتە ئەنگلىز تىلى فاكۇلتىتىغا ئوقۇشقا كىرىشى بىلەن كۇندۇلۇك تۇرمۇشنى ناھايىتى جىددىچىلىك بىسۋالدى.

بىر ئادەمگە كۇندىلىك تۇرمۇشتا ھەر خىل ئىشلار ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئوخشاش ئېتىبار بىلەن قاراپ كەتكىلى بولمايدۇ. ھەم ئۇنداق قىلىشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوق، شۇنداقلا تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ھەممە ئادەمدە ئۆزىگە خاس مۇئەييەن پرىنسىپنى، توغرىسىنى ئېيتقاندا ياشاش پەلسەپىسىنى يېتىلدۈرىدۇ. جۈملىدىن رىشاتنىڭمۇ ئۆزىگە چۇشلۇق ھايات مەنتىقىسى ۋە ياشاش پەلسەپىسى بار بولۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ ياشاشتا ئەمەل قىلىدىغان

UnRegistered

پرىنسىپلىرىنى خەلق بۇرۇنلا يەكۈنلەپ چىقتى. ئۇ مۇنداق دەپ قارىدى ۋە شۇ مىزان بويىچە ئىش كۆردى:

*ئىلىم-پەن ئادەمنى ئاقىل قىلىدۇ، - 'ئىي ئىرادە ئادەمنى ئالغا باستۇرىدۇ، قىيىنچىلىق ۋە جاپا- مۇشەققەت ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى تاۋلايدۇ، تەر تۆكۈش ۋە تىرىشچانلىق ئادەمگە بەخت-سائادەت ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇنىدىن باشقا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھاياتلىقتىن ئىبارەت چەمبىرەكنىڭ سىرتىدىكى مۇھىم بولمىغان نەرسىلەر.*

*&ھەللىپ: كىشىلىك ھاياتتا ھەر خىل ئىشلار، مەسىلىلەر ۋە زىددىيەتلەر بولىدۇ، ئەمما ھەممىسىنىڭ ئىككى تەرىپى بولىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ ئاساسى بولغان ۋە ئاساسى بولمىغان تەرەپلىرى بولىدۇ. ھەر زىددىيەتنىڭ ئاساسى تەرەپلىرىگە چوقۇم ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىمەن ئەمما ئاساسى بولمىغان تەرەپلىرىگە پەرۋامۇ قىلمايمەن.*

ئۇنىڭ ئۇچۇن ئەڭ ئاساسلىق مەسىلە، ئۆزىنىڭ غايىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يەنى دورا تەتقىقات ئىلمى بويىچە خەلقئارالىق سەۋىيەگە ئىگە ئالىم بولۇپ چىقىش ئىدى.

Unregistered

مەنزىلىنىڭ ئېنىق، ئېنىڭ تەييار بولغان ئىكەن، ئەمدى مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن ئېتىڭغا قامچا سېلىشىڭ كېرەك.



رىشات 1987 ـ يىلى ئىنگلىز تىلى كەسپى بويىچە چوڭلار مائارىپىنى پۈتتۈرىشى بىلەنلا تۇنجى بالىسى زەرىنە ئىيۇلدا دۇنياغا كۆز ئاچتى. يېڭى بىر ھاياتلىقنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۇنىڭغا چەكسىز خۇشاللىق ئېلىپ كەلدى. ئۇ كىچىككىنە ئوماق قىزىنى ئاتىلىق مېھرى بىلەن سۆيگەندە ـ ـ ـ پەرزەنتىنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن بولسىمۇ تىرىشىش لازىملىقىنى ھېس قىلىپ روھلىنىپ كېتەتتى. شۇنىڭ بىلەن رىشات ـ ـ ئەلدىكى مەكتەپلەر بىلەن ئالاقە قىلىشقا باشلىدى ھەم شۇ يىلى 8 ـ ئايدا تەكلىماكان قويىندىن چىقىپ،يېڭى زېلاندىيەگە بىر يىللىق بىلىم ئاشۇرۇشقا ماڭدى. شۇ جەرياندا ئىنگلىز تىلى ئاساسىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەپ، چەت ئەل ئۇنىۋېرسىتېتلىرىغا ئوقۇشتىكى تىل ئۆتكەللىرىدىن ئۆتۈپ، تېخىمۇ چوڭقۇر بىلىم ئېلىشقا ھازىرلاندى. ئۇ 1989 ـ يىلى ۋاشىنگتون شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېتى دورا تەتقىقات ئىنستىتۇتىنىڭ دورىگەرلىك/زەھەرشۇناسلىق

UnRegistered

فاكۇلتېتىغا ماگىستىر ئاسپىرانتلىققا تولۇق ئوقۇش مۇكاپاتى ئېلىپ ئوقۇشقا كىردى ۋە ئوقۇشقا كىرىپ بىر يىل ئۆتمەيلا ، بۇ فاكۇلتېتنىڭ نوپۇزلۇق ھەمدە دورا تەتقىقات ساھەسىدە مول نەتىجىسى بار پروفېسسور ھايتوننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. پروفېسسور ھايتون رىشاتتىنكى تالانتىنى ، دورا تەتقىقات ئىلمىگە بولغان ئۆزىنى بېغىشلاش روھىنى بايقاپ بىر كۈنى ئۇنى چاقىرتىپ مۇنداق دېدى:

ـ ـ مېنى ئوھىئو شتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېت دورا تەتقىقات  فاكۇلتېتىقا مۇدىرلىققا تەكلىپ قىلدى. مەن سىزدە دورا تەتقىقات ساھەسىدە ئاز ئۇچرايدىغان بىر خىل تالانتنىڭ بىخىنى كۆردۈم. مۇبادا دوكتورلۇقتا ئوقۇسىڭىز ، ئىشىنىمەنكى كەلگۈسىدە ئۇ ساھەدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىم بولالايسىز ، ئەگەر خالىسىڭىز مەن بىلەن ئاشۇ ئۇنىۋېرسىتېتكە بېرىپ دوكتورلۇقنى مېنىڭ يېتەكچىلىكىمدە ئاشۇ يەردە ئوقۇسىڭىز&ھەللىپ؛

رىشات بۇ تەكلىپنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.

1990 ـ يىلى ئاۋغۇستنىڭ ئاخىرى ، تەبىئەت تاۋۇسلاردەك ياسانغان بىر پەيتتە ، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان زېمىنلىرى بىپايان كەتكەن ئوھىئو شتاتى ـ قويۇق  قاشلىق ، كۆزلىرىدىن زېرەكلىكى ، قەتئىيلىكى ۋە تۇرقىدىن تەمكىنلىكى چىقىپ تۇرغان بىر ئۇيغۇر ياش ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىنى ئۆز قوينىغا ئالدى.

UnRegistered

بۇ گۈزەل شتاتنىڭ مەركىزى كولۇمبۇس شەھىرى ـ مەملىكەت بويىچە 15 ـ چوڭ شەھەر بولۇپ، نۇرغۇن ئالىي مەكتەپلەرنى ئۆز قوينىغا ئالغان ئىدى. رىشات ئوقۇماقچى بولغان مەكتەپ ـ ئامېرىكىدىكى مەشھۇر ئالىي مائارىپ بۆشۈكلىرىدىن بىرى بولغان ئوھىئو ئىشتاتلىق ئۇنىۋېرسىتېت دەل مۇشۇ شەھەردىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، بۇ ئۇنىۋېرسىتېت ـ مۇشۇ شتات بويىچە بىرىنچى، مەملىكەت بويىچە ئالدىنقى قاتاردىكى مەشھۇر ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بىرى ئىدى.

مانا مۇشۇ ئالىي بىلىم يۇرتىدا رىشات ئابباس ـ دورا تەتقىقات ئىلمى بويىچە دوكتورلۇق ئوقۇشنى باشلىۋەتتى.

دورا تەتقىقات ئىلمى ـ مېدىتسىنا ئىلمىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇ ئاساسلىقى دورىلارنىڭ بەدەندىكى ھەرىكىتىنى يەنى دورىلارنىڭ شىپالىق ياكى زەھەرلىك تەسىرىنى ئېنىقلاش ھەمدە يېڭى دورىلارنى بايقاش ـ شۇنداقلا ئاللىقاچان داۋالاشتا ئىشلىتىلىۋاتقان دورىلارنىڭ باشقا كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىشىنىڭ مۇمكىنچىلىكى ـ يوقلۇغىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم، يەنى تېخىمۇ ئىنچىكىلەپ چۈشەندۈرگەندە، ئۇ كېسەللەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان خىمىيەلىك ماددىلارنىڭ جانلىقلاردا يەنى ھاياتلىق ئورگانىزمىدا قانداق ئۆزگىرىش پەيدا قىلىدىغانلىقىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم بولۇپ، ئۇنىڭ اسىنى ئەڭ دەسلەپتە "ئىسلام دىنىنىڭ ئالتۇن دەۋرى" دەپ ئاتالغان 7 ـ ئەسىردە بۈگۈنكى باغدادتا ياشىغان ئەرەب تىۋىپلىرى سالغان دەپ قارىلىدۇ. ئەمما ئۇنىڭ رەسمىي پەن بولۇپ شەكىللىنىشى 19 ـ ئەسىرنىڭ

Unregistered

ئۆتتۆرلىرىدا دورىلارنىڭ تەسىرىنى  ھايۋانلارنىڭ بەدىنىدە سىناق قىلىش بىلەن باشلانغان.

بۈگۈنكى كۈندە دورا تەتقىقات ئالىملىرى دورىلارنىڭ ھەرىكەت مېخانىزىمىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولۇپ ئۇلار مەلۇم دورا ھەققىدە مۇئەييەن خۇلاسىگە كېلىشتە، دورىشۇناسلىق، فىزىئولوگىيە ، كېسەلشۇناسلىق، بىئوخىمىيە، فىزىكىلىق ـ خىمىيە، ۋە باكتېرىيە ئىلمىدىكى پرىنسىپلارغا ئاساسلىنىپ، ستاتىستىكىلىق ۋە ماتېماتىكىلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ يەكۈن چىقىرىدۇ. دېمەك، بۇ پەندە ۋايىغا يېتىش ئۈچۈن ، ئۆگەنگۈچى كۆپ تەرەپلىملىك چوڭقۇر بىلىملەرگە ئىگە بولۇپلا قالماي، مۇھىمى ئۆگەنگەنلىرىنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاپ يېڭى دورىلارنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىپ ۋە ئۇنى كلىنىكىلىق سىناقتىن ئۆتكۈزۈپ، بىمارلارنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىپ، ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتە ئەمەليي ھەسسە قوشىدىغان بولۇشى كېرەك.

بالا چاغلىرىدا "دورا قانداق ئادەم ساقايتالايدۇ؟" دەپ ئۆزىگە سوئال قويۇپ شۇ سوئاللارنىڭ كەينىدىن ئىككى قەرنە ئىز قوغلاپ كەلگەن رىشات  ـ بۇ پايانسىز تىلسىملار دۇنياسىدا دورىلار بىلەن ئادەم بەدىنىنىڭ مۇناسىۋىتىنى  تەتقىق قىلىدىغان تارماق پەن ـ دورىگەرلىك ئىلمىگە ئالاھىدە قىزىقتى.

ئىنسان بىر نەرسىنى بىلگەنسېرى، ئۇنى تېخىمۇ ياخشى  بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئالاقىدار نەرسىلەرنى، بىلىم ۋە تېخنىكىلارنى چوڭقۇر ۋە كەڭ دائىرىدە

UnRegistered

چۈشىنىشنى ئارزۇ قىلىدۇ ياكى شۇنداق قىلىش ـ ـ ئىنسان بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك ئۆتكەل بوپ قالىدۇ.

دورا تەتقىقات ئىلمىنى ياخشى ئىگىلەش ئۈچۈن رىشات ئاببا‌س، پھارماكىنەتىكنى يەنى بەدەنىنىڭ دورىغا نىسبەتەن ئىنكاسى يەنى ئاساسلىقى بەدەنگە ئىستېمال قىلىنغان دورىلارنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ، تارقىلىشى، ھەزىم قىلىنىشى ۋە سىقىپ چىقىرىلىشىنىڭ ۋاقىت جەھەتتىكى جەريانىنى كۆزىتىدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم بىلەن پھارمودىنامىكىنى يەنى دورىنىڭ بەدەنگە قانداق تەسىر قىلىدىغىنىنى تەتقىق قىلىدىغان پەننى پۇختا ئىگىلەشنىڭ زۆرۈرلىگىنى تونۇپ يەتتى. چۈنكى بۇ ئىككىسى ـ دورا تەتقىقات ئىلمىنىڭ ئاساسى گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. مىسال ئۈچۈن، "شىپا" نامىلىق يېڭىدىن ئىجاد قىلىنغان دورا بار دەيلى، بۇ يېڭى دورا تېرىدىن بەدەنگە كىرگۈزۈلەمدۇ ياكى ئېغىزدىنمۇ، ئۇ بەدەندىكى ئورگانىزملارغا قانداق يەتكۈزۈلىدۇ، بۇ دورا بەدەن ئىچىدە خىمىيلىك ھالدا ئۆزگىرەمدۇ ياكى ئۆزگەرسە قانداق ماددىغا ئۆزگىرىدۇ؟ بۇ يېڭى ماددىلار بەدەندە ئاكتىپمۇ؟ ئۇلارنىڭ زەھەرلىك تەسىرى ۋلۇشى مۇمكىنمۇ؟ بۇ ماددىلار ـ ئاخىرقى ھېسابتا قانداق ئۇسۇل بىلەن بەدەندىن ئايرىلىپ، بەدەن سىرتىغا چىقىرىپ تاشلىنىدۇ؟ نەپەس ئارقىلىقمۇ، چوڭ ياكى كىچىك تەرەت ئارقىلىقمۇ دېگەندەك مەسىلىلەر دورا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇلانغۇچى چوقۇم جاۋاب بېرىشى كېرەك بولغان مەسىلىدۇر.

مەسىلىلەرگە ياخىسى جاۋاب بېرىش، ياكى ھادىسىلەرنى قايىل قىلارلىق چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن، كىشى تايىنىدىغان بىر ئىلمي ئۇسۇل بولۇشى كېرەك.

Unregistered

دورا تەتقىقات ئىلمىدە يۇقىرىقى سوئاللارغا جاۋاب بېرىشتە ئادەتتە تەجرىبىچىلىك ئۇسۇلى قوللىنىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۆزى مەلۇم خەۋپ ـ خەتەر بىلەن باغلانغان. چۈنكى ياخشى مەقسەت بىلەن قىلىنغان تەجرىبە بولۇپمۇ ئادەمدە ئىشلىنىدىغان تەجرىبە بەزىدە كۈتمىگەن خەتەرلىك ھادىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. شۇڭا، بۇ تەتقىقاتچىلاردىن سەزگۈرلۈكنى، ئېھتىياتچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ، سەۋەب شۇكى، بەدەنگە سىناق تەرىقىسىدە كىرگۈزۈلگەن دورا كۆپىنچە ھالدا ئىككى خىل نەتىجىنى پەيدا قىلىدۇ. بىرى كېسەلنى تىزگىنلەيدۇ، ساقايتىدۇ، ياكى زاغرا تىل بويىچە ئېيتقاندا كېسەلگە پايدا قىلىدۇ. يەنە بىرى ئۇنىڭ زەھەرلىك تەسىرى يەنى زىيانلىق بولۇپ خۇددى "چاپىقىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ" قويغاندەك ئويلىمىغان سەلبى نەتىجىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىمۇ مۇمكىن.

دۇنيادا ئىنسانىنىڭ ھايات ـ ماماتلىقىغا بىۋاسىتە بېرىپ تاقىشىدىغان تەتقىقاتتىنمۇ ئارتۇق ئىنچىكە، سەزگۈر ۋە مۇرەككەپ تەتقىقات بولمىسا كېرەك. يېڭى دورىلارنى سىناق قىلىپ بېچىشتا تەتقىقاتچى باشقا ئىلمىي تەتقىقاتچىلاردەك مەغلۇبىيەتتىن ئۆگىنىدىغان ( *ترىئال ئاند ئەررور* ) تاكى قانائەتلەنگۈدەك جاۋابقا ئېرىشكىچە سىناق قىلىپ، خاتالىقتىن ئۆگىنىدىغان پۇرسەت يوق. سەن بۇ ساھەدە چوقۇم بىرىنچى پاي ئوقنى نىشانغا تەگكۈزىدىغان ئۇستا مەرگەن بولۇشۇڭ كېرەك. شۇڭا ئادەمگە قىلىنىدىغان سىناقنىڭ توغرىلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئاۋال ئۇنى جانلىقلار بەدىنىدە سىناق قىلىش بۇ دورا تەتقىقاتىدا چوقۇم بېسىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يولدۇر.

Unregistered

ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنىڭ ماھىيىتىنى تونۇپ يەتكەن رىشات – – دوكتورلۇق پروگراممىسىدىكى تەلەپ قىلىنغان دەرسلەرنى ئوقۇپ ۋە دوكتورلۇق لاياقەتلىك ئىمتىھانلىرىدىن ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، تەتقىقات تېمىسىنى بېلىقلارنىڭ تېنىدە سىناق قىلىش بىلەن باشلىدى.

كىشىلەرگە ئايانكى، يېزا ئىگىلىكىدە زىيانداش ھاشارەت ۋە جانلىقلارنى يوقىتىشتا خىمىيەلىك دورا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ خىمىيەلىك دورىنى ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان *پاراتىھئون* ئۆزى زەھەرلىك ماددا بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشقان ھەرقانداق جانلىق مەيلى ھايۋان بولسۇن ياكى ئادەم بولسۇن زەھەرلىنىپ، ئېغىر بولغاندا ئۆلۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. سەۋەبى *پاراتىھئون ئاەتىلچولىنىسەتەراس* ئە نى چەكلەيدۇ. *ئاەتىلچولىنەستەراسە* بىر خىل ئەنزىمە ( *ئەنزىمە* – – ئۆزىنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتمەستىن باشقا ماددىلاردا مەلۇم خىل خىمىيەلىك ئۆزگىرىش پەيدا قىلالايدىغان مۇرەككەپ بولغان بىر خىل ئاقسىلدۇر) بولۇپ، ئۇ ئۇچۇرلارنىڭ جانلىقلارنىڭ مېڭە ھۈجەيرىلىرى ئىچىدە توشۇلۇشى ۋە بىر تەرەپ قىلىشىغا زۆرۈر بولغان مېڭىدىكى *ئاەترىلچلىنە* دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل خىمىيەلىك ماددىنى پارچىلايدۇ.

بېلىق سۇدا ياشايدۇ. مۇبادا بېلىق ياشايدىغان سۇنىڭ مۇھىتى بۇلغانغان بولسا، ئۇنىڭ بېلىقلارغا تەسىرى بولىدۇ. بەزى بېلىقلار زەھەرلەنگەن ھامان ئۆلىدۇ، ئۇنى ئادەملەر يېمەيدۇ، بىراق، بەزى بېلىقلار زەھەرلىك ماددىغا

Unregistered

نسبەتەن تېنندە قارشلىق كۆچ پەيدا قىلىدىغان بولۇپ، زەھەرلەنگەن تەقدىردىمۇ ئۆلمەيدۇ، بەلكى ساغلام بېلىقلاردەك سۇدا پىلتىڭلاپ ياشاۋېرىدۇ. بۇنداق بېلىقلارنىڭ تېنندە زەھەرلىك ماددىنىڭ بارلىقىنى بىلمىگەندىن كېيىن كىشلەر ئۇلارنى تۇتۇپ يەۋېرىدۇ، نەتىجىدە يېنىك بولغاندا مەجرۇھ بولۇش، ئېغىر بولغاندا ئۆلۈم ـ يېتىم ۋەقەلىرى كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا بېلىقلاردىكى زەھەر ماددىسىغا ئاساسەن سۇ ۋە تەبىئى مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ خەتىرىنى مۆلچەرلەش ئەمەلىي ئىجمائى ۋە ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە.

رىشات ئابباس ـانا مۇشۇ سەۋەب( *پاراتىھىئون* )ـ نەتىجىلىك (زەھەرلىنىش) مۇناسىۋەتنى چۈشىنىش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئىنتايىن ئەستايىدىللىق بىلەن سوئال قويۇپ تۇرۇپ ئوقۇدى، مۇتائىلە قىلدى. بېلىقلارنىڭ تېنىنىڭ *پاراتىھىئون* غا بولغان ئىنكاسى ۋە ئۇنىڭ ئالماشتۇرۇش شەكلى بولغان *پاراخون* نىڭ *ئاەتىلچولىنسەتەرا* ـى نى تىزگىنلەش مېخانىزمىنى سىستېمىلىق ھالدا تەتقىق قىلىش ئۇنچە ئاسانغا چۈشمىدى. چۈنكى، رىشات بۇ ھەقتە ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمي پەرەزنىڭ ئەمەلىيەت بىلەن بىردەك ياكى ئەمەسلىكىنى دەلىللەشتە نەزەرىيىۋى ئاساسى مۇكەممەل بولغان مودەل تۈزۈشنىڭ زۆرۈرلۈگىنى ھس قىلىپلا قالماي، بەلكى بۇ مودەلنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمي پەرەزنى توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدىغانلىقىنى دەلىللەيدىغان سانلىق مەلۇماتلارنى كۆرستىپ بېرىشى كېرەكلىكىنىمۇ تونۇپ يەتتى.

Unregistered

ئۇنىڭ كىشىلىك خاراكتېرىدىكى ئېسىل سۈپەتلەرنىڭ بىرى ـ ئۆزى كۆزى يەتكەن ھەممە قىلمىشى زۆرۈر بولغان ئىشقا دادىللىق بىلەن ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا بېغىشلاش روھى ئىدى.

ئۇ مەنزىلگە قاراپ ئاتلاندى.

ئىلمىي تەتقىقات ـ جاپالىق ئىش. ئۇ كىنو كۆرۈشكە ۋە ياكى رومان ئوقۇشقا تۈپتىن ئوخشىمايدۇ. ئادەتتە كىشىلەرگە نىسبەتەن ئالدىنقىسى زەرىكىشلىك، كېيىنكىسى قىزىقارلىق تۇيۇلىدۇ. ئەمما قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن ئالىم ئۈچۈن ئېيتقاندا، بۇ ئىككىسىنىڭ پەرقى يوق.

ئوھسۇغا كۈز كەلدى، ياپراقلار سارغايدى. ئەمما رىشات ـ تىلسىملار دۇنياسىدا ئىزدىنىۋاتقان ھەر بىر كۈننى يۈكسەك دەرىجىدىكى ئۆزىنى ئۇنتۇش روھى ۋە تولۇپ تاشقان ئۈمىدۋارلىق بىلەن باھار تۇيغۇسى ئىچىدە ئۆتكۈزەتتى.

ئوھسۇغا قىش كەلدى، جۇدۇن بولدى، بىراق ئۇنىڭ قەلبى مۇقەددەس ئارزۇ ۋە كۈچلۈك ئېتىقادىنىڭ ھارارىتىدە ھامان ئالدىغا، پارلاق كېلەچەككە قاراپ تەلپۈنەتتى.

"مەن ـ دەپ ئويلايتتى ئۇ ھەر قېتىم تەجرىبىخانىدىن ئۆيگە قايتىۋېتىپ، ـ ئوكيان ئاتلاپ، قىتئە ئاتلاپ ئىلىم ئۆگىنىمەن دەپ بۇ يەرگە كەلدىم. ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىدە تۇنجى بولۇپ بۇ ساھەدە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن

Unregistered

ئوقۇۋاتىمەن. ئەگەر بۇ ئىشتا ئەلا نەتىجە ياراتسام خەلقىمگە شان ـ شەرەپ ئېلىپ كېلەلەيمەن.

قىلىۋاتقان تەتقىقاتى بىئوخىمىيە ۋە فىزىئولوگىيە قاتارلىق پەنلەرگە چېتىشلىق بولغانلىقى ھەمدە، ئالىي ماتېماتىكا، بولۇپمۇ دىففېرېنسىئال تەڭلىملەرنى تولۇق ئۆگىنىش زۆرۈر بولغىنى ئۈچۈن، ئۇ مەكتەپ كىتابخانىسىدىن بۇ ھەقتە نۇرغۇن كىتابلارنى، ئىلمىي ژۇرناللارنى ئارىيەت ئالدى، بەزى كىتابلار گەرچە قىممەت بولسىمۇ، دوكتورلۇق ئوقۇش مۇكاپات پۇلىدىن ئىقتىساد قىلىپ تولۇپ سېتىۋالدى. كومپيۇتېر پروگراممىسى تۈزۈشكە ئېھتىياجى چۈشىدىغىنىنى بىلىپ، پىلان تۈزۈپ، كۈندە بىر سائەت ئىزچىل ھالدا فورتران تىلىنى ئۆگىنىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ئىشخانىسى ۋە تەجرىبىخانىسى كىتابلار بىلەن تولۇپ كەتتى. كىتاپ ئۈستەللىرى ئۇ يازغان دىففېرېنسىئال تەڭلىملەر، سىزغان فىزىئولوگىيەلىك مودېللار ۋە خىمىيەلىك تەڭلىملەر ۋە فورمۇلالار بىلەن تولدى. ھەتتا ئۇنىڭ ئاشخانا ئۆيىدىكى تاماق ئۈستىلى، تولۇپ سىرتقى يۈزلىرىمۇ بوش قالمىدى.

ئۇ ھەقىقەتەن بۇ تەتقىقاتقا ئاشىق سىياقى بېرىلگەن ئىدى.

ئۇ ئالدى بىلەن بېلىقلارنىڭ فىزىئولوگىيەلىك قۇرۇلمىسى ئاساسىدا بېلىقلار تېنىنىڭ *پاراخون* غا بولغان تەسىرىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان پىھارماكوكىنەتىكىلىق مودېلنى نەزەرىيىۋى جەھەتتىن تۈزۈپ چىقتى، ئاندىن ئىككىنچى قەدەمدە *پارائوخون* نىڭ *ئاەتىلچولىنىستەراس* ئە نى تىزگىنلەش

Unregistered

مېخانىزمنى چۈشەندۈرىدىغان پھارمادىنامىكىلىق مودېلنى نەزەرىيۋى جەھەتتىن تۈزۈپ چىقتى. ئاخىرىدا يۇقىرىدىكى ئىككى مودېلنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق مودېللار پەرەز قىلغان شەرتلەر ئاستىدا بېلىقلار تېنى بىلەن *پاراتېئون* نىڭ قانداق مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقى ھەققىدە ئومۇمىيلىققا ئىگە فىزىئولوگىيەلىك قۇرۇلما ئاساسىدىكى پھارماكوكىنەتىكىلىق ۋە پھارماكودىيانىمكىلىق مودېلنى ( *فىسقارتىلىپ پىبىك ـ پد مودەل دەپ ئاتىلىدۇ* ) بەرپا قىلدى. ئەمدى ئۇ ئوخشاتما تەجرىبىسى ئارقىلىق بۇ مودېلنىڭ ئۆزى ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن بىردەكلىككە ئىگە ياكى ئەمەسلىكىنى دەلىللىشى كېرەك ئىدى.

مانا بۇ قول تۇتىدىغان ئىش ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەمەلىي تەجرىبىگە كۆپ ۋاقت سەرپ قىلدى.

ئۇ چۈشلۈك تاماق ئۇچۇن ئۆيگە قايتمايتتى، ئەتىگەن سەھەردىن تا كەچكىچە تەجرىبىخانىدا، بېلىق كۆلچەكنىڭ يېنىدا، كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇراتتى. ئۆگىنەتتى، يازاتتى، بېلىقلارنىڭ پاراتېئون بىلەن ئۇچرىشىشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى ئەھۋالىدا ئۆزگىرىشىنى كۆزىتەتتى، تەجرىبە نەتىجىسىنى خاتىرىلەيتتى، ئۆلچەيتتى، ھېسابلايتتى. ئۇنىڭ بالىسى "دادام قاچان كېلىدۇ" دەپ ئاپىسىدىن تولا سوراپ ئۇخلاپ قالىدىغان بولدى. ئايالى ئۆزى تا مۇشۇ كەمگىچە ئۇنىڭدا كۆرۈپ باقمىغان بۇ خىل يۇكسەك دەرىجىدىكى تەتقىقاتقا ئۆزىنى بېغىشلاش روھىدىن ھەم تەسىرلەندى ھەم ساقلىنى قىرىشنى ھېچقاچان ئۇنتۇپ قالمايدىغان رىشاتنىڭ يېقىندىن بۇيان پات ـ پات ساقلىنى

UnRegistered

ئېلشنى ئۇنتۇپ قېلىشلىرىغا قاراپ ئۇنىڭ سالامەتلىكىدىن ئەنسىرەپ سىراسىمگە چۈشتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىزىنى ئېلىپ رىشاتنىڭ تامىقىنى توشۇغاچ ئۇنى يوقلاپ كېلىدىغان بولدى.

ـ ـ ـ رىشات، ـ ـ دېدى ئۇ بىر كۈنى مەيۈس هالدا ، ئۇنىڭ تاماقىنى تېز ـ تېز يېيىشىگە ۋە ئۆزۈن مەزگىللىك زىچلىقى زور بولغان ئەقلىي ئەمگەك تۈپەيلىدىنى ئورۇقلاپ پولتىيىپ چىقىپ قالغان جاۋغايلىرىغا قاراپ ئەنسىرەش ئىچىدە. ـ ـ بۇنچە ئۆزىڭىزنى ئۇرۇپ كېتىشىنىڭ نېمە هاجىتى، بەرىبىر ئالىدىغان ئۇنۋاننى ئالسىڭىزلا بولىدۇغۇ؟ بۇنداق قىلىۋەرسىڭىز، ئاغرىپ يېتىپ قالسىڭىز قانداق قىلىمىز، خەقنىڭ يۈرتى تۇرسا بۇ.

ـ ئاغرىپ قالمايمەن، ئەنسىرىمە. بۈگۈن ئىشنى ياخشى قىلسام، ئەتە نەتىجىسىدىن كۆڭۈللۈك هوزۇرلىنىمەن. ئىلىمگە ساختىلىق ياراشمايدۇ. بىر نەرسىنى قىلغان ئىكەنمەن ئۇنى راۋۇرۇس ياخشى قىلىشىم كېرەك.
قىل. خۇدايىم بۇيرىسا ئاز قالدى نەتىجە چىققىلى، ـ ـ دېدى ئۇ ئىشەنچ بىلەن.

قىش كېتىپ، تورغاي ئېرىپ، تەبىئەت يېشىل تون كىيىشكە باشلىغان مەزگىلنىڭ يەنى ئۇ دوكتورلۇق ئوقۇشىنىڭ ـ ئاخىرقى يىلى باهار پەسلىنىڭ بىر كۈنىگە كەلگەندە دەرۋەقە ئۇنىڭ ئىشىدىن نەتىجە كۆرۈلدى. يەنى ئۇ ئېرىشكەن ئىلمىي تەجرىبە "مەهسۇلاتى" يەنى سانلىق مەلۇماتلار ئۇ تۈزگەن نەزەرىيىۋى مودېلنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى دەلىللىدى.

UnRegistered

ئۇنىڭ شۇ قەدەر چوڭقۇر دەرىجىدە دورا تەتقىقات ساھەسىگە ئۆزىنى بېغىشلاش روھى، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى ۋە تىرىشچان، ئەستايىدىللىقىدىن تەسىرلەنگەن پروفېسسور ھايتون ئۇنىڭ تەرىپىنى فاكۇلتېتتىكى ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارغا بىر نەچچە قېتىم قىلىپ بەردى. ئۇنى دەسلەپتە ئىسمىگە قاراپ "ئەرەب ياكى " دەپ ئويلاپ قالغان كىشىلەر ئەمدى ئۇنىڭ ئەينى زامانىسىدا بىپايان تارىم ۋادىسىدىن تارتىپ موڭغۇل دالالىرىغىچە بولغان دائىرىدە ئىمپېرىيە قۇرغان، ئۆزىنىڭ گۈللەنگەن زامانىسىدا دۇنياغا مەشھۇر قەدىمي خەلقئارالىق سودا يولى -يىپەك يولىنى كونترول قىلغان، ئەمما ھازىر كىشىلەر ئاساسەن بىلمەيدىغان "ئۇيغۇر" ناملىق قەدىمي مىللەتنىڭ ئەزاسى ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن رىشات ئارقىلىق بەزىلەر ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئېرىشتى. ئۇلار ئىچىدە "ئۇيغۇرلار" ھەققىدە ئەڭ كۆپ مەلۇماتقا ئىگە بولغىنى يەنىلا پروفېسسور ھايتون بولدى. ئۇ ئۇزۇن يىللىق ئوقۇتۇش ھاياتىدا رىشاتتەك ھەم تالانتى ھەم ئىرادىسى بار ئوقۇغۇچىنى كۆپ ئۇچرىتىپ باقمىغان ئىدى. شۇنداق بولغاچقىمىكىن ئۇ رىشاتقا قايىللىق نەزەرى بىلەن ئالاھىدە قارايتتى ۋە ھۆرمەت قىلاتتى ھەمدە ئۇنى ئائىلىسى بىلەن ئۆيىگە چاقىرىپ تۇراتتى. ئۇيغۇرلار توغرىسىدا سۇئاللارنى سوراپ تۇراتتى. ئۇنىڭ مېھمانخانا ئۆيىگە ئېسىلغان ئۇيغۇرچە چىمەن دوپپىنى ئۇنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان قىزىقىشىدىن ئېسىپ قويىدى دېگەندىن كۆرە رىشات كېلىپ چىققان بىر مىللەتنىڭ ئىجادىيەت قۇدرىتىگە نىسبەتەن ھۆرمەت ۋە ھېسسىياتتىن ئاستى دېسەك خاتالاشقان بولمايمىز.

Unregistered

رىشات دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيەسىنى غەلىبىلىك ياقلاپ، ئوقۇشنى تاماملىغاندا پروفېسسور هايتون ئۇنىڭ دىسسېرتاتسىيەسىگە مۇنداق دەپ يۇقىرى ـ ها بەردى:

*رىشاتنىڭ ئۆزىگە خاس هالدا ئىجادىي تەپەككۇر قىلىپ، تۈزۈپ چىققان ئومۇمىيۈزلۈك ۋە مېخانىكىلىق خاراكتېرگە ئىگە پېپىك ـ پىد مودېلى ـ خىمىيەلىك ماددىلارنىڭ جانلىقلار بەدىنىگە هەزىم قىلىنىشى، تەقسىملىنىشى، ئالماشتۇرۇلۇشى ۋە سىقىپ چىقىرىلىشىدەك خىمىيەلىك هەرىكەت مېخانىزمىنى چۈشىنىشتە تۇنجى قېتىم ئىشلىتىلگەن مودېل بولۇپ، ئۇنىڭ جانلىقلارنىڭ فىزىئولوگىيەلىك قۇرۇلمىسى ئاساسىدا تۈزۈلۈشى بىزنى بۆسۈش خاراكتېرلىك يېڭى تەپەككۇر ۋە بايقاش بىلەن تەمىنلىدى. ئۇنىڭ بۇ ئىلمىي تەتقىقات جەريانىدىكى تەجرىبە مۇهىتىنى لاھىيەلەش، تەجرىبە قىلىش ۋە سانلىق مەلۇماتلارنى توپلاش، هەم ئانالىز قىلىش ئۇسۇللىرىنىڭ ئىلمىيلىكىنى هەم ئۆزگىچىلىكىنى ئالاهىدە ماختاشقا ئەرزىيدۇ.*

شۇنى ئالاهىدە ۋە خۇشاللىق بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، رىشات بىر نەچچە يىللىق ئۆگىنىش، ئىجتىهات ۋە تەپەككۇر قىلىش جەريانىدا تۈزۈپ چىققانغا ئوخشاش مودېللار ۋە شۇنداق مودېل ئارقىلىق ئېلىپ بارغان تەتقىقاتلار يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئامېرىكا دۆلەتلىك دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن ئۆلچەملىك مودېللار سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىپ، شۇندىن باشلاپ دورا تەتقىقات قىلىش ۋە ۋۇجۇتقا كەلتۈرۈش ساهەسىدە هەر كىم چوقۇم قوللىنىشقا تېگىشلىك مودېللاش تېخنىكىسى بولۇپ بەلگىلەندى.

UnRegistered

پروفېسسور هايتون ـ   شۇ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن باشقا ئوقۇغۇچىلار بىلەن "خوش ئەمىسە، ئۆتۈق تىلەيمەن" دەپ خوشلاشتى ـ يۇ ئەمما رىشات بىلەن خوشلاشمىدى بەلكى ئۇنى ئۆزى ئىزدەپ كەلدى.

ـ ـ رىشات ـ ـ دېدى ئۇ ، مەن سىزنى تېخىمۇ مۇشكۇل بولغان بىر تەتقىقاتنى ئىشلەشكە دەۋەت قىلىمەن. ئامېرىكا هاۋا ئارمىيەسى مېنىڭدىن مۇشۇ تەتقىقاتنىڭ هۆددىسىدىن چىقالايدىغان بىر ئادەمنى ئۆزىگە كۆرستىپ بېرىشىمنى سورىدى. مەن سىزنى بۇنىڭ هۆددىسىدىن چىقالايدۇ دەپ ئىشىنىمەن، سىز ئۇ يەرگە بارسىڭىز بىر تەرەپتىن شۇ تەتقىقاتقا پوستدوكتور سۈپىتى بىلەن ئىشلەيسىز، تەتقىقاتنى ئوڭۇشلۇق ۋە نەتىجىلىك تاماملاپ بولغاندىن كېيىن، ئىستىقبالىڭىز تېخىمۇ پارلاق بولىدۇ. سىز بۇنىڭغا قانداق قارايسىزكىن؟

شۇ كۈنلەردە ئۇ يېنى غەربىي قىرغاق، بۇ يېنى شەرقىي قىرغاقتىكى شتاتلارغا جايلاشقان دورا تەتقىقات مەركەزلىرىدىن 5 ـ 6 ئىسى ئۇنى خىزمەتكە ئېلىشنى ئويلىشىۋاتقان بولۇپ، ئۇ قايسىسىنى تاللاشتا بىر قارارغا كېلەلمەي تۇرغان مەزگىل ئىدى. پروفېسسور هايتوننىڭ بىرىنچى مەسلىهەتىنى قوبۇل كۆرۈپ، ئۆز ئارزۇسىدەك نەتىجىگە ئېرىشكەن رىشات ، بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ تەكلىپىنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلدى.
تىلسىملار دۇنياسىدا نۇر قۇچقان ئالىم (7)

UnRegistered

**(ئەدەبىي ئاخبارات)**

**ئاپتورى: قەيسەر مىجىت**

**(داۋامى)**

Unregistered




**1994 - يىلى  سېنتەبىردە، ئۇ ئائىلىسى بىلەن كولۇمبۇس شەھىرىدىن ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ھاۋا ئارمىيە بازىسى جايلاشقان ئورۇن - دايتون شەھىرىگە كۆچۈپ كەلدى.**

رىشات ئاباس   بۇ ئامېرىكا ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ ئەڭ چوڭ تەتقىقات ئورنى بولغان ئارمستروڭ تەجرىبىخانىسىنىڭ زەھەرلىك ماددىلار بۆلۈمىدە پوستدوكتور سالاھىيتى بىلەن تەتقىقاتقا كىرىشتى ھەمدە 8 كىشىلىك ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ تېخنىك خادىملىرىدىن تەشكىل تاپقان تەتقىقات گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ تەيىنلەندى.

بۇ قېتىم ئۇنىڭ لايىھىلىشى ۋە يېتەكچىلىكىدە ئىشلەنمەكچى بولغان تەتقىقات تېمىسى مۇنداق سوئالغا جاۋاب تېپىش ئىدى:

ترىچلوروتىيلەنە () ) بىر خىل سۇيۇقلۇق بولۇپ، ئۇ ھاۋا ئارمىيىسىدە ئايروپىلانلارنى يۇيۇشتا كۆپ ئىشلىتىلەتتى. ئەمما بۇنداق قىلىشقا نىسبەتەن ھاۋا ئارمىيە ساقلىقنى ساقلاش ۋە مۇھىتنى ئاسراش تارمىقىدىكىلەر نارازى ئىدى. چۈنكى ئۇلار "تە نى كۆپ ئىشلەتكەندە، بۇ سۇيۇقلۇق ئايروپىلان يۇيىدىغان خادىملارنى زەھەرلەپلا قالماستىن بەلكى يەنە تۇپراققا سىڭىپ، يەر ئاستى ئارقىلىق ئېچىدىغان سۇنى بۇلغاپ شۇ رايوندىكى ھەممە ئادەمنىڭ سالامەتلىكىگە تەھدىت ئېلىپ كېلىدۇ، ئەگەر تەدبىر قوللانمىسا بۇنىڭ ئېغىر ھالدا ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ئاقىۋىتى ۋە قانۇنى جاۋابكارلىقى بولىدۇ" 994 قاراپ ئەندىشە قىلىشىۋاتقان ئىدى.

دېمەك، بۇ خىل قاراشنىڭ توغرا ياكى ئەمەسلىكىنى جىددى ھالدا ئىسپاتلاپ چىقىش زۆرۈر بولۇپ، مۇبادا تە نىڭ زىيانلىق تەسىرى ھەقىقەتەن زور بولسا، بۇ ھەقتە مۇداپىئە خاراكتېرلىك تەدبىر قوللىنىش لازىم بولۇپلا قالماي، بەلكى

Unregistered

ھەممدىن باش قاتۇرىدىغىنى شۇ رايوننىڭ تەبىئى مۇھىتىغا نىسبەتەن تازىلاش ئېلىپ بېرىشى، بۇنىڭ ئۈچۈن ھاۋا ئارمىيەسى نەچچە يۈز مىليون دوللار پۇل ھەجلىشى كېرەك ئىدى. ئەگەر تە نى ئىشلىتىشنىڭ ھېچقانداق خەتىرى بولمىسا ياكى بولغان تەقدىردىمۇ نەزەرگە ئىلمىغۇدەك بولسا تە نى ئىشلىتىشكە قارشى چىققانلارنى ئىلمىي پاكىت بىلەن قايىل قىلغىلى بولاتتى.

ھاۋا ئارمىيە قوماندانلىق شتابىدىن زەھەرشۇناسلىق بۆلۈمگە بۇيرۇق كەلدى:

*تەتقىقات نەتىجىسىنى چوقۇم 0 ئاي ئىچىدە يوللاپ بولۇش شەرت!.*

UnRegistered

رىشات ئۆزىنىڭ زېممىسىگە چۈشكەن يۈكنىڭ ئېغىرلىقىنى، زەھەرلىك ماددىلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى - گېنېرال لېيتنانت فىشەرنىڭ تەتقىقاتنى باشلاش ئالدىدىكى جىددىيچىلىك چىقىپ تۇرغان چىرايىدىن بىلدى. ئۇ تەبىئى ھالدا رىشاتقا يۈزلەندى:

- -سىز باش بولۇپ ئېلىپ بېرىلماقچى بولغان بۇ تەتقىقات تېمىسى مەيلى مۇھىت، كىشلەرنىڭ سالامەتلىكى جەھەتتىن بولسۇن ۋە ياكى ئىقتىسادىي جەھەتتىن بولسۇن بىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. بىز سىزنىڭ ۋاقىت چېكى بولغان بۇ ئىشنى غەلىبىلىك ھالدا دېگەن مۆھلەتتە تاماملىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز.

ـ ـ بارلىق تىرىشچانلىقىمنى كۆرستىمەن ـ ـ دېدى ئۇ گېنېرالغا جاۋابەن.

ئۇ يەنە جاپالىق تەتقىقاتنى باشلىدى.

رىشات دوكتورلۇق دىسسېرتاتسىيىسى ئۈچۈن تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا ئەقلىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن قانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسا، بۇ قېتىممۇ شۇنداق غايەت زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتى. لېكىن بۇ قېتىمقى تەجرىبە ھايۋانلاردىلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئادەملەردىمۇ ئېلىپ بېرىلىدىغان بولۇپ، سەزگۈرلۈك دەرىجىسى يۇقىرى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئېھتىيات قىلىشقا توغرا كېلەتتى. بۇ ئۇنىڭغا روھىي بېسىم ئېلىپ كەلدى. چۈنكى بۇ تېمىنىنىڭ باش تەتقىقاتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، پۈتۈن تەجرىبە پائالىيەتلىرى ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە بولاتتى، شۇنداقلا، مۇبادا تەتقىقاتتا مەسىلە كۆرۈلسە، يەنى تەجرىبىگە ئىختىيارىي قاتناشقان ئوبيېكتنىڭ بىرەرىدە سالامەتلىك جەھەتتە چاتاق چىقىپ قالسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىدىغان مەس ئۇلىيەتمۇ يۇقىرى بولاتتى.

گەرچە بېسىم ھىس قىلسىمۇ، رىشات بۇ ھەقتە غەم يەپ دەككە ـ دۈككىدە بولۇپ كەتمىدى، چۈنكى بۇنداق قىلىش ـ ئۇنىڭ خاراكتېرىگە يات ئىدى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئىنچىكە ۋە ئەستايىدىللىقنى تەلەپ قىلىدىغىنىنى، تالاش ـ تارتىش ئۈستىدىكى مەسىلىنى ئېنىقلاپ چىقىش ئۈچۈن ھەممىدىن مۇھىمى ئىلمىي پەرەز ۋە بىر يۈرۈش ئۈنۈملۈك تەتقىقات مېتودى كېرەك ئىكەنلىكىنى ناھايىتى تېزلا تونۇپ يەتتى.

Unregistered

ئۆ ۋەزىپە تاپشۇرۇلغان كۆندىن ئېتىبارەن، جاپا ـ مۇشەققەتلىك ئىزدىنىشلەر باسقۇچىدا يەنە نۇرغۇن كۆنلەر، ھەپتىلەر، ئايلارنى ئۆتكۆزدى. باشقىلار ئائىللىرى بىلەن ساياھەتلەرگە چىقسا، ئۆ تەجرىبىخانىدا تەجرىبە ئىشلەيتتى. باشقىلار ھەپتە ئاخىرلىرى دوست ـ ئاغىنىلىرى بىلەن ئولتۇرۇش كېچىلىكلىرىدە ھوزۇرلانسا، رىشات كىتاب كۆرەتتى، ئىزدىنەتتى، ئويلىناتتى. باشقىلار كىنو كۆرگەن، بازار ئايلان غان ۋاقىتلاردا رىشات كىتابخانا ـ كۇتۇپخانىلاردا ماتېرىيال كۆرەتتى&ھەللىپ؛.تېخى 6 ئايغمۇ توشمىغان ئوغلى تەلمان غا قارايدىغان، ئوينىتىدىغان، ياكى ئوغلىنىڭ تاتلىق قىلىقلىرىدىن لەززەتلىنىدىغان غمۇ ۋاقتى يوق ئىدى. "مېھنەتسىز ھوزۇر بولماس، تۆككەن تەر بىكارغا كەتمەس" دېگەندەك، ئەنە شۇنداق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش نەتىجىسىدە ئاخىرى بۇ تەتقىقاتنى قانداق ئىشلەپ نەتىجە يارىتىشنىڭ ئاساسىنى ئىزدەپ تاپتى..

دەرھەقىقەت، پروفېسسور ھايتون رىشاتنى بۇ يەرگە بىلىپ كۆرسەتكەن ئىكەن. دەسلەپكى ئىزدىنىشلەردىن كېيىن رىشات شۇنى كۆرۈپ يەتتىكى، بۇ تەتقىقاتنى ئىشلەشتە ئادەم بەدىنىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى ئاساسىدا پھارماكوكىنېتىكىلىق مودېلنى تۇزۇپ چىققاندا، ئادەم بەدىنىنىڭ تە قارىتا ئىنكاسىنى ناھايىتى ياخشى چۈشەنگىلى ۋە مەسلىنىڭ تۈگۈنىنى يەشكىلى بولىدىكەن.

UnRegistered

8 ئادەمنىڭ جىددى ھەم جاپالىق ئىشلىشى نەتىجىسىدە ئەسلى 0 ئاي ئىچىدە پۈتتۈرۈلۈپ بولۇش مۆھلىتى بېرىلگەن بۇ تېما 20 ئاي ئىچىدىلا تامام بولدى. تەتقىقات نەتىجىسى كۆرسەتتىكى، ھاۋا ئارمىيىسىدە ئىشلىتىلىدىغان سۇيۇقلۇق تە نىڭ ئادەم بەدىنىگە ۋە مۇھىتقا بولغان زىيانلىق رولى ئەرزىمەس ئىكەن.

ئۇ بۇ تەتقىقات نەتىجىسىنى پارچە ماقالە قىلىپ يېزىپ چىقىپ، "زەھەرشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي ئىشلىتىلىدىغان دورىگەرلىك". "زەھەرشۇناسلىق" قاتارلىق ژۇرناللاردا ئېلان قىلىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى.

گويا ئۇنىڭ شۇنچە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان چەككەن رىيازەتلىرىنى، تۆككەن تەرىنى ساماۋى ئەختەرلەر كۆرۈپ "ئەجرىڭگە لايىق ئىلتىپات كۆرۈشۈڭ لازىم" دېگەندەك، بۇ تەتقىقاتنىڭ زور نەتىجىسى ئۇنىڭغا ئارقا ـ ئارقىدىن شان ـ شەرەپلەرنى ئېلىپ كەلدى. 1996 ـ يىلى مايدا ئامېرىكا دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكى ھاۋا ئارمىيىسى قوماندانلىق شتابى تەرىپىدىن "پەن ـ تېخنىكا مۇۋەپپەقىيەت مۇكاپاتىغا" ۋە 1996 ـ يىلى نويابىردا "ئالىي مۇۋەپپەقىيەتلەر مۇكاپاتى"غا ئېرىشتى. رىشات ئاباسنىڭ بۇ تەتقىقات نەتىجىسى توغرىسىدا يازغان ئىلمىي ماقالىسى 1999 يىلى "زەھەرشۇناسلىق ئىلمى جەم ئىيتى " تەرىپىدىن، "خېيمخەتەرنى مۆلچەرلەش ساھەسىدىكى ئەڭ ياخشى ئەسەر بولۇپ باھالاندى.

تىلسىملار دۇنياسىدا نۇر قۇچقان ئالىم (8)

Unregistered

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئاپتورى: قەيسەر مىجىت

(داۋامى)




UnRegistered

ئامەت كەلسە قوش

كەپتۇ دېيىشكەن ئىكەن كونىلار.

رىشات ئابباسنىڭ جاپالىق تەتقىقات ئارقىسىدا قولغان كەلتۈرگەن زور

نەتىجىلىرى ئۇنىڭغا قۇت ياغدۇردى.  ئادەتتە، كىشىلەر كۆڭۈلدىكىدەك

خىزمەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن كۆپ ئەجىر سىڭدۈرۈشىدۇ. يەنى مەلۇم ئورۇندا ئۆزىنىڭ كەسپىگە ماس كېلىدىغان شارائىت بارمۇ يوق، بار بولسا ئۇ خىزمەتنى ئېلىش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك، نىمە شەرتلەرنى هازىرلاش كېرەك دېگەندەك. لېكىن رىشاتقا ئۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىدى. چوڭ دورا تەتقىقات ئورگانلىرى، زور ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە يەرشارى خاراكتېرلىك تەسىرگە ئىگە داڭلىق شىركەتلەر ئۇنى قىزغىنلىق بىلەن خىزمەتكە تەكلىپ قىلىشتى. ئۇلارنىڭ رىشاتقا بەرمەكچى بولغان مائاش ۋە باشقا تەمىناتلىرى بىر ـ بىرىدىن قىلىشمىغۇدەك دەرىجىدە ياخشى ئىدى.

ئىقتىسادشۇناسلىق يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا ئادەملەرنىڭ هەرىكەت ـ قىلمىشلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن بولۇپ، ئۇنىڭدىكى بىر ئىلمىي ـ ـ ـ ئىدراكلىق ئادەمگە كۆپ خىل تاللاش پۇرستى بېرىلگەندە، ئۇ ئەلۋەتتە ئۆزىنى ئەڭ خوش قىلىدىغان، ئۆزىگە چوڭ بولىدىغان ئىشنى تاللايدۇ.

رىشاتمۇ هەر خىل ئامىللارنى ئويلىشىپ ئاخىر 1996 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا هۆكۈمەت قارمىقىدىكى تەجرىبىخانىدىن يۆتكىلىپ خۇسۇسلار ئىگىلىكىدىكى بىر دورا تەتقىق قىلىش ئىدارىسىنىڭ "يېڭى دورىلارنىڭ بەدەندە ئالماشتۇرۇلۇشى ۋە بىخەتەرلىكىنى باهالاش هەمدە تەتقىق قىلىش بۆلۈمى" تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشقا چۈشتى.

UnRegistered

مەزكۇر ئىدارىدە ئىشلىگەن 4 يىل جەريانىدا ، ئۇ ئاساسلىقى يۇرەك تىقلىما كېسەللىكلىرى ۋە روھىي كېسەللەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان يېڭى دورىلارنى تەتقىق قىلىش ھەم ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندى ۋە ئامېرىكا دورا باشقۇرۇش ئىدارىسى تەرىپىدىن تەستىقلىنىپ خەلقئارا بازارغا سېلىنغان نەرۋا كېسەللىرىگە داۋا دورا *ئابىلىفي* ئاند قان تومۇرلاردا قاننىڭ ئۇيۇششىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان دورا پلەتال دورىلىرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى.

بازار ئىگىلىكىدىكى رىقابەت مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ، ئىختىساسلىقلار رىقابىتى.

ئامېرىكىنىڭ ئەمگەك بازىرىدا ئىختىساسلىقلارنى تالىشىش، ئۆزلىرىگە تارتىش دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش. چۈنكى، ھالقىلىق پەن ـ تېخنىكىغا قابىلىيىتىگە ئىگە ئىختىساسلىقلار كارخانىنىڭ ھايات ـ ماماتىغا چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ.

رىشات ئابباس ـ 1999 يىلى كۈزدە ئىتالىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا دورا تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي يىغىنىدا لېكسىيە سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېنىغا بىرەيلەن كېلىپ قىزغىنلىق بىلەن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتكەندىن كېيىن مۇنداق دېدى:

UnRegistered

ـ ـ ـسزنىڭ تەتقىقات تېخنىكىلىرىڭىز ۋە شۇنىڭ بىلەن قازانغان بۇ
نەتىجىلىرىڭىز ناھايىتى ياخشى ئىكەن، بىزنىڭ تەتقىقات مەركىزىمىز
سىزنىڭكىدەك ئۆزگىچە تەتقىقات ئۇسلۇبلىرىغا قىزىقىمىز. . سىزنىڭ
ئىقتىدارىڭىز، ۋە نەتىجىلىرىڭىز مېنىڭ بەكمۇ دىققىتىمنى تارتتى. .
خالىسىڭىز، مەن سىزنىڭ بىر پۇرسەت چىقىرىپ بىزنىڭ تەتقىقات
مەركىزىمىزگە كېلىپ لېكسىيە بېرىشىڭىزگە، بىزنىڭ ئىدارىدىكى باشقا
تەتقىقاتچى دوكتورلار بىلەن كۆرۈشۈپ، تەجرىبىخانىلارنى كۆزىتىپ بېقىشقا
تەكلىپ قىلىمەن. بىزنىڭ تەتقىقات مەركىزىمىزدىكى تەتقىقاتچىلار
ئىشلەۋاتقان تېمىلىرىنىڭ بىرى، قەن سىيىش كېسەلىنى داۋالايدىغان ئىنسۇلىن
تابلېتكىسىنى تەتقىق قىلىش. ھەر ئىككىلا تەرەپكە ئۇيغۇن كېلىپ قالسا، سىز
مېنىڭچە بىزنىڭ مەركىزىمىزدە چوقۇم بىر بۆسۈش ھاسىل قىلالايسىز.

ئەسلىدە ئۇ كىشى شۇ ئىدارىنىڭ تەتقىقاتقا مەسئۇل مۇئاۋىن پرېسىدېنتى بولۇپ
ئىسمى روبېرت ئىكەن.

ـ ـ تەكلىپىڭىزگە رەھمەت. ھازىرقى ئىدارەمدە قولدىن چىقارمىسام
بولمايدىغان بىر تېما بار، بۇ ھەقتە ئىدارىگە مەسئۇلىيەتچان بولمىسام
بولمايدۇ، شۇ تەتقىقاتىم تۈگىگەندىن كېيىن تەكلىپىڭىزنى ئويلىنىپ باقاي.

روبېرت ئىسىملىك بۇ كىشى رىشاتنىڭ جاۋابىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، خوشاللىق
بىلەن ئۇنىڭ ئىسىم كارتىسىنى سورىدى.

يىل ئۆرۈلۈپ 2000 ـ يىلى باھارنىڭ بىر كۈنى، يەنى رىشاتنىڭ قىلمىشلىرى ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، ئۇ بىر ھەپتە خىزمەت دورا تەتقىقات ساھەسىدە نەشر قىلىنىدىغان ئىچكى كەسپىي گېزىتكە چىقىپ بىر نەچچە كۈن ئۆتكەن ئىدى.

ـ ـ ـ جىرىڭ، جىرىڭ.

ـ ـ ياخشىمۇسىز، مەن رىشات ئابباس، ـ ـ دېدى رىشات تېلېفونغا جاۋاب بېرىپ.

ـ خەيرلىك سەھەر، دوكتور ئابباس ئەپەندىم ـ ـ دېدى، قارشى ـ .

رىشاتقا بۇ ئاۋاز تونۇشتەك بىلىندى ـ يۇ. ئەمما قارشى تەرەپنىڭ كىملىكىنى ئاڭقىرالمىدى.

ـ ـ مەن روبېرت بولمەن، بىز ئىتالىيەدە كۆرۈشكەن ـ ـ دېدى قارشى تەرەپ قىزغىنلىق بىلەن.

ـ ـ قانداق، ياخشىمۇسىز؟

ـ ـ ـ ھېلىقى تەكلىپىمنى ئويلىنىپ كۆردىڭىزمۇ؟

UnRegistered

ئەسلىدە بۇ ئادەم رىشاتنىڭ تەتقىقاتى ھەققىدىكى خەۋەرنى كۆرۈپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىدارىسىگە كېلىپ لېكسىيە بېرىشكە تەكلىپ قىلغان ئىكەن.

رىشات ئابباس، روبېرتنىڭ تەتقىقات مەركىزىگە بېرىپ، لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشنى كەمتەرلىك بىلەن قوبۇل قىلدى. شۇنىڭ بىلەن رىشات بۇ تەتقىقات مەركىزىگە بېرىپ، ئۆز تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى تونۇشتۇرۇپ، باشقا تەتقىقاتچىلارغا قايىل قىلارلىق ئىلمىي ئاساس ۋە يەكۈنلەر بىلەن تولغان مالۇماتلارنى بەردى. بۇ مەركەزنىڭ تەتقىقات شارائىتى ۋە باشقا ئەھۋاللىرى بىلەن تەپسىلىي تونۇشتى.

رىشات ئابباسنىڭ تالانتلىق، ئىجتىھاتلىق ۋە مەسئۇلىيەتچان خاراكتېرىدىن رازى بولغان تەتقىقات مەركىزىنىڭ پرېزىدېنتى ۋە مۇئاۋىن پرېزىدېنتلىرى رىشات لېكسىيە بېرىپ قايتىپ كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا، ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئالاقىلىشىپ، رىشاتنى ئۆز تەتقىقات مەركىزىگە كېلىپ خىزمەت ئىشلەشكە تەكلىپ قىلدى.

ياشاۋاتقان يېرىدە تارتىشىدىغان ئەل ـ يۇرت بولمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆز ئىدارىسىدە ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ قىلىدىغان ئىشنى كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلىغاندىن كېيىن، بۇ يەردىن ئايرىلسىمۇ يۈزى يورۇق

Unregistered

ئايرىلىدىغانلىقىنى چۈشەنگەن رىشات بۇ تەتقىقات مەركىزىنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلدى.

خىزمەتكە تەكلىپ قىلىش خېتى ئەتىسىلا ئۇنىڭغا فەدەخ ئارقىلىق يەتكۈزۈلدى.

شۇنىڭ بىلەن 2000 ـ يىلى يازدا ئۇ روبېرتنىڭ شىركىتىگە بىئولوگىيىلىك دورىلار بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى بولۇپ يۆتكىلىپ كەلدى.

كىشىلەرنىڭ ساغلام ھالدا سۈپەتلىك، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنى قولغا كەلتۈرۈشتە ئىككى نەرسە ناھايىتى مۇھىم. بۇنىڭ بىرىنچىسى، ئالدىنى ئېلىش خاراكتېرلىك تەدبىر بولۇپ. بۇنىڭدا ھەر خىل كېسەل پەيدا قىلغۇچى خەتەرلىك ئامىللار، مەسىلەن، باكتېرىيىلەرنى يوق قىلىش، تەرتىپلىك ۋە مۇۋاپىق بولغان تۇرمۇش ئادىتىنى يېتىلدۈرۈش، سۇ ۋە مۇھىتنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، شۇنداقلا ھەر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىكلەردىن مۇداپىئە ئۈچۈن ۋاكسىنا ئۇرۇش قاتارلىق تەدبىرلەر بولۇپ، بۇ ئەڭ ئەلا تەدبىردۇر. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، ئاللىقاچان كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمارلارنى داۋالاش ئارقىلىق ساقايتىش، ئازابىنى يەڭگىللىتىش ۋە ئۇلارنىڭ سۈپەتلىك ھالدا ئۇزۇنراق ئۆمۈر كۆرۈشىنى قولغا كەلتۈرۈش. بۇ ئىككىلەمچى تەدبىر، ئەمما ھايات ـ ماماتقا بېرىپ تاقىشىدىغان تەدبىردۇر.

Unregistered

قەن سيىش كېسلى - ئۆزۈنغا سوزۇلىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ بىر خىلى بولۇپ، ئۇنىڭ تەسرى يەككە شەخس نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا بىمارنىڭ ئۆمرىنىڭ سۈپىتىنى تۆۋەنلەتسە، جەمئىيەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇ ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا زور دەرىجىدە ئەكس تەسر كۆرستىدۇ.
بىر ئادەمنىڭ ھاياتىدا قەن سيىش كېسلگە گىرىپتار بولۇش - بولماسلىقنى بىئولوگىيلىك ۋە ئىجتىمائى ئامىللار بەلگىلەيدۇ.

**ئەسلەتمە - 1:**

***دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى (ۋھو) نىڭ يېقىنقى ستاتىسكىسىغا قارىغاندا، 2000 - يىلى دۇنيادا 171 مىلئون قەن سيىش كېسلگە گىرىپتار بولغان بىمار بار بولۇپ، ئۇلار دۇنيا نوپۇسىنىڭ 2.8 ئىنى تەشكىل قىلغان. ۋھو نىڭ مۆلچەرلىشىچە قەن سيىش كېسلگە گىرىپتار بولىدىغان بىمارلارنىڭ سانى 20 0 - يىلغا بارغاندا تەدرىجى ئېشىپ، دۇنيا نوپۇسىنىڭ 6.5 ئىنى ئىگىلەپ 66 مىليونغا يېتىدىكەن. كەلگۈسىدىكى بۇ ئېشىشنىڭ كۆپ قىسمى ئاساسلىقى تەرەققى قىلىۋاتقان دۆلەت ۋە رايونلاردا بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى 45 ياش بىلەن 64 ياش ئارىلىقىدىكى كىشلەر، يەنى ئەمگەك ئىقتىدارى بار ئادەملەر بولىدىكەن.***

كىشلەرنىڭ ساغلام ياشىشىغا تەھدىت سالىدىغان ھەرقانداق كېسەلنى يوقىتىش ياكى خەتەرلىك ئامىلنى تىزگىنلەش - - تېببي

Unregistered

ساھەسىدىكىلەر، جۈملىدىن دورا تەتقىقات ئالىملىرى ئويلىشىدىغان مەسىلە.

كېچىكىدىن "دورىلارنىڭ مۆجىزىلىك رولىغا" ھەيران بولۇپ چوڭ بولغان ۋە بىمارلارنىڭ ئازابىنى چۈشىنىدىغان رىشاتنىڭ قەن سىيىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ ئازابىنى يەڭگىللىتىدىغان بىرەر دورا ئىجات قىلىشنى ئويلاپ بۇ ھەقتە ئىزدىنىشكە كىرىشكىنىگە 1 ـ 2 يىلچە ۋاقت بولغان ئىدى. ئۇ بارغان بۇ ئىدارە مەخسۇس قەن سىيىش كىسەللىرىگە قارشى دورا تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىدارە بولۇپ، رىشات بىرىپلا مۇشۇ جەھەتتە بۆسۈش ھاسىل قىلىش ئۈچۈن تەتقىقاتقا كىرىشىپ كەتتى.

يەنە شۇ ئۆزىنى بېغىشلاش روھى، يەنى شۇ ئەقىل ـ پاراسەتنىڭ جۇلاسى.

UnRegistered

ئۇ بۇ يەردىمۇ ناھايىتى تېزلا بۆسۈش ھاسىل قىلىپ، قەن سىيىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ "ئېغىزدىن ئىستېمال قىلىش"ئى ئۈچۈن ئۇنۇمى ياخشى ھەم قىلچە ئازابى يوق بىر خىل تابلېتكىنى تەتقىق قىلىپ ھەمدە دۇنيا دورا تەتقىقات ساھەسىدە تۇنجى بولۇپ ئېغىزدىن ئىستېمال قىلىدىغان ئىنسۇلىن تابلېتكىسىنىڭ تەجرىبىلىرىنى لايىھىلەپ ۋە ئادەمدە سىناق قىلغان تۇنجى ئالىم، يەنى ئۇيغۇر پۇشتىدىن بولغان ئالىم بولۇپ قالدى، ئارقىدىنلا ھەم بۇ تەتقىقات بويىچە پاتېنت ھوقۇقىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ بۇ ھەقتە ياراتقان نەتىجىسى ئامېرىكىنىڭ كەسپىي ئاخبارات

ۋاستىلىرىدە تەشۋىق قىلىندى. ئۇ بۇ ھەقتە رادىئو ۋە گېزىت زىيارەتلىرىنى قوبۇل قىلدى ۋە ئۇنىڭ كۆز قاراشلىرى مۇناسىۋەتلىك گېزىت ـ ژۇرناللاردا ھەمدە ئىلمىي ماقالىلەردە نەقىل كەلتۈرۈلدى. بۇ تەتقىقات توغرىسىدىكى يېزىپ چىققان ماقالىسى 2001 ـ يىلى سان ـ فرانسىسكو شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن "قەنت سىيىش كېسىلىنى داۋالاش تېخنىكىسىنى ئالماشتۇرۇش ئىلمىي يىغىنى"دا ـ "ئەڭ ياخشى ماقالە" مۇكاپاتىغا ئېرىشتى. رىشات ئابباس يەنە بۇ تەتقىقاتىنىڭ نەتىجىسى بويىچە، 2002 ئامېرىكا دىئابىتلار (قەن سىيىش كېسەللىكى) تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، سان فرانسىسكودا ئېچىلغان دۇنياۋى يىللىق يىغىنىدا نەتىجە بېرىلگەن ئالىم ـ مۇتەخەسسىلەرگە لېكسىيە سۆزلىدى.

تىلسىملار دۇنياسىدا نۇر قۇچقان ئالىم (9)

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئاپتورى: قەيسەر مىجىت

(داۋامى)

UnRegistered




رىشات

ئاباسنىڭ كەسپى ساھەدىكى يۈكسىلىشى ئۇنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتتا ياراتقان نەتىجىلىرىگە يارىشا پاراللېل ھالدا تەڭ سۈرئەتتە يانداشىپ ماڭدى.

ئۆتكەن ئون يىل ئىچىدە ئۇ ـ بىر دورا تەتقىقاتچىسىدىن مەسئۇل تەتقىقاتچىلىققا ۋە ئاخىر باش تەتقىقاتچىلىققا كۆتۈرۈلدى، يەنى خەلقئارا سەۋىيەگە ئىگە ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقتى، مۇشۇ مەزگىلنىڭ ئۆزىدە يەنە ئىدارىلەردە تېگىشلىك باشقۇرۇش خىزمىتىنى ئۈستىگە ئېلىپ، ئادەتتىكى باشقۇرغۇچىدىن باش باشقۇرغۇچىغا، ياردەمچى دىرېكتورلۇقتىن، دۇنيادىكى 5 چوڭ دورا تەتقىق قىلىش ـ ياساش مەركىزىنىڭ بىرى بولغان ۋيەتھ تەتقىقات مەركىزىدە مەخسۇس راك كېسەللىكلىرىگە ئالاقىدار دورىلارنى تەتقىق قىلىش ـ ياساش تارمىقىنىڭ مەسئۇل باش دىرېكتورى بولۇپ ئۆستۈرۈلدى.

UnRegistered

ئالتۇن ئاۋغۇستىنىڭ بىر ھەپتە ئاخىرىدا مەن ئۇنىڭ بىلەن نەۋ يوركتا كۆرۈشتۇم ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ھۇدسون دەريا بويىدا چاي ئىچكەچ سۆھبەتلەشتىم:

- - بىلمەي يۈرۈپتۇق، شۇنچە كۆپ نەتىجىلەرنى يارىتىپسىز، تەبرىكلەيمەن!. - - دېدىم مەن ئۇنى كۆرۈپلا.

- - ..يوغسۇ ئۇكا. تېخى تەلەپتىن كۆپ يىراق - - دېدى ئۇ جاۋابەن.

مەن ئۇنىڭغا كېيىنكى ـ كەينىدىن سۇئال قويدۇم، سەۋەبى ئۇنىڭ ھازىرقى تەتقىقات ئەھۋالى ۋە كەلگۈسىدە قىلماقچى بولغان ئىشلىرى توغرىسىدا ئۇقۇرمەنلەرنى خەۋەردار قىلماقچى بولغان ئىدىم.

- - مۇشۇ كەمگىچە بولغان ھاياتىڭىزدا سىزنى ئەڭ خۇش قىلغان نەرسە نېمە، سىزنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان نەرسىچۇ؟

- - مېنىڭ ئەڭ خوش بولىدىغىنىم - بالا چېغىمدا كۆرگەن چۈشۈمنىڭ كۈندىن كۈنگە رېئاللىققا ئايلىنىشى. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسەن، ئۆزۈن يىللىق ئوقۇش، ئۆگىنىش ۋە تەتقىقات ئارقىلىق، مەن ئاخىر دورىنىڭ قانداق ياسىلىدىغانلىقى ۋە بىمارلارغا قانداق شىپا بولىدىغانلىقىنىڭ پرىنسىپلىرىنى چۈشىنىپ يەتتىم. ھەر قېتىم بىر يېڭى دورىنى

UnRegistered

مۇۋەپپىقىيەتلىك ھالدا تەتقىق قىلىپ ۋە سىناق قىلىپ مۇۋەپپىقىيەت قازانغىنىمدا كېسەللىك دەستىدىن ئازابلىنىۋاتقان ھەممە ئىرقتىن، ھەر خىل ئېتىقاد ۋە ئوخشىمىغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنىشىگە ئىگە بىمارلارنىڭ ئازابى يېنىكلەيدىغان بولىدى، دەپ ئويلايدىغىنىم. دېمىسىمۇ مەن تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان دورىلار ئامېرىكا دورا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتۈپ بازارغا سېلىنغاندىن كېيىن، ئالەمنىڭ ھەممە چېتىگە يېتىپ باردى.

- - بۇ سىز ئارقىلىق بىز ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشۇۋاتقان تۆھپىسى دەڭا، دېمەك بۇنىڭدىن بىزمۇ خوش، - - دېدىم مەن ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلاپ.

- - ئۇنداقتا، سىزنى ئەپسۇسلاندۇرىدىغان نەرسە بارمۇ؟

- - - ئەلۋەتتە. ئاپامنىڭ بىزدىن ۋاق-تسىز ئايرىلىشى بەك يۈرىكىمنى تاتىلاپ بىئارام قىلىدۇ. بەزىدە كېچىلىرى ئويلاپ كېتىمەن، "ھەجەپ، ئوقۇدۇم، تەتقىق قىلدىم دەپ ئۇزۇن يىل ھەپىلىشىپتىمەن، ئاپامنىڭ كېسىلىگە شىپا بولىدىغان دورىنى تەتقىق قىلىپ چىقىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم، دەپ.

UnRegistered

شۇنداق دەۋېتىپ، ئۇ بېشىنى تۆۋەن سالدى، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ياش تامچىلىرىنىڭ لىغىرلاۋاتىرقانلىقىنى كۆرۈپ، "ئاپلا، سورىمسام بوپتىكەن" دەپ پۇشايمان يەپ ئۇلگۇردۇم ۋە ئۇنىڭغا تەسەللى بەردىم:

- - ئۇنى ئەمدى بەندە بولغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ ئىرادىسى دەيمىز.

- - - ئىنسان بىلمەيدىغان نەرسە بەك كۆپ ئىكەن ئۇكام، - - دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، بۇ ئالەمدە تىلسىم دېگەن ناھايىتى كۆپ ئىكەن. بىر ئادەم ئۆمرىدە شۇنچە كۆچىسمۇ پەقەت ئازراق نەرسىنىلا چۈشىنەلەيدىكەن. كېچىككىنىلە سىرنى يېشەلەيدىكەن .

- - بۇ سىزنىڭ كەمتەرلىكىڭىز - - دېدىم مەن ئۇنىڭغا. مانا مەنمۇ ئەقلىمگە كەلگەندىن بۇيان ئوقۇۋاتىمەن، ئازراق نەرسىنى چۈشەنگىنىم بىلەن سىزگە ئوخشاش تىلسىم دۇنياسىدا ئات چېپىپ باققىنىم يوق.

- - سەن تېخى ياش تۇرساڭ، - - ئۇ ماڭا مەدەت بەرمەك بولدى.

بۇندىن كېيىنكى تەتقىقاتىڭىزدا نېمە قىلاي دەيسىز؟ پىلانىڭىزدىن خەلقىمىزنى خەۋەرلەندۈرسەم بولامدۇ؟

- - - خەلقىمىز ئۇچۇن شان - شەرەپ كەلتۈرۈش - - بۇ مېنىڭ ئىنتىلىشىم ۋە تىرىشىشىمدىكى يەنە بىر مەقسەت، شۇنداقلا

Unregistered

غەيرەت ـ شجائەتىمنىڭ مەنبەسى. شۇڭا قىلىۋاتقان ۋە قىلماقچى بولغان ئىشىمدىن ئۆلارنى خەۋەرلەندۈرگىنىڭ ياخشى ئىش. چۈنكى ئۇ مەن ئۈچۈن ھەم مەدەت ھەم تۈرتكە بولىدۇ. نۆۋەتتە، ئىنسانىيەت راك كېسەللىكىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلمەكتە، بۇ نىجىس كېسەلگە گىرىپتار بولغان بىمارلار ھاياتىدىن بۇرۇنلا ئايرىلىپ، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنى ھەسرەتتە قويۇپ كەتمەكتە. مەن بۇ يۆزلىنىشكە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. راك كېسەللىرىنىڭ تۈرى كۆپ، ئەمما ھەممىسى دېگۈدەك يۇقۇملۇق. قانداق قىلغاندا بۇ كېسەلنى تىزگىنلىگىلى، ئەڭ ئىدىيال شارائىتتا

قانداق قىلىپ بۇ كېسەلنى يوق قىلغىلى بولىدۇ ـ ـ مانا بۇ مېنىڭ تىنىماي ساھەسى يېقىندىن بۇيان جىددىي تۈردە تەتقىق قىلىۋاتقان بىر مۇرەككەپ تېما، ئوچۇقنى قىلىپ ئېيتقاندا، يەنە بىر تىلسىم.

ـ ـ ۋۇ تىلسىمنىڭ تېگىگە يېتەي دەپسىز ـ ـ ..

ـ ـ ـ ئەمەلىيەتتە، مەن بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتىمنى ئاللىقاچان باشلىدىم. لېكىن راك كېسەللىكلىرى تەتقىقاتى پۈتۈن تەتقىقاتلارنىڭ ئىچىدە قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى بىر تەتقىقات، شۇڭا كۆپرەك تەر تۆكۈشۈمگە توغرا كېلىدۇ.

ـ ـ ـ بۇ ھەقتە ئىشلەۋاتقان تەتقىقاتلىرىڭىزنىڭ يۆزلىنىشى قانداق؟

UnRegistered

ـ ـ ـ ساڭىمۇ مەلۇم بولغاندەك، راك كېسەللىكىنىڭ تۈرى كوپ، مەسىلەن، ئاشقازان ئاستى بېزى راكى، كۆكرەك راكى، جىگەر راكى، ئۆپكە راكى&ھەللىپ؛ ۋاھاكازا. ئۇزۇن يىللىق مېدىتسىنا ۋە دورا تەتقىقاتى جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلەر ھەم ئۇنىۋېرسال بىلىمىمىزنىڭ ئېشىپ بېرىشىغا ئەگىشىپ، بىز راك كېسەللىكلىرىنى پەيدا قىلىدىغان خەتەرلىك ئامىللار ھەققىدە مەلۇم چۈشەنچىگە ئېرىشتۇق. ئەمما، ئوخشاش تۈردىكى راك كېسىلى بولغان ئىككى بىمارغا بىر خىل دورىنى بەرسەك، كۆرستىدىغان ئۈنۈمى ئوخشاش بولمايۋاتىدۇ. شۇڭا ھازىرقى بىزنىڭ تەتقىقاتىمىز مەخسۇس نىشانلىق ھالدا راك كېسەللىگىگە تاقابىل تۇرىدىغان دورىنى تەتقىق قىلىپ ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش. يەنى يەككە بىمارنىڭ گېن جەھەتتىكى تۈزۈلىشىگە ئاساسەن داۋالايدىغان ئۈنۈملۈك دورىنى تەتقىق قىلىپ چىقىش.

ـ ـ ـ بۇ جەھەتتە بىرەر نەتىجە بارمۇ؟

ـ ـ ـ ئۆتكەن نەچچە يىللاردىن بېرى مەن مۇھىم تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى سۈپىتىدە قاتنىشىپ، تەتقىق قىلىپ، ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن "تارەۋاتىم (ئەرلوتىنىب)" دېگەن دورا ئامېرىكا دورا باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ تەستىقىدىن ئۆتتى. يېقىندا بازارغا سېلىنىدى ھازىر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تارىلىۋاتىدۇ، ئۇ دورا ئاساسلىقى "ئۆپكە راكى" ۋە ئاشقازان ئاستى بېزى" راكىغا گىرىپتار بولغان بىمارلارغا شىپا بولىدۇ. لېكىن،

UnRegistered

ئۆزۈڭگە مەلۇم، تەتقىقاتنىڭ چېكى يوق، هامان بىلىدىغىنىمىزدىن بىلمەيدىغىنىمىز كۆپ. شۇڭا ئەتە تېخىمۇ ياخشى نەرسىنى بارلىققا كەلتۈرىمەن دەپ توختىماي تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ـ ـ مەن ۋەتەندىكى تەرەققىۋەرۋەر كىشلەرنىڭ ماقالە يېزىپ بېرىش ھەققىدىكى تەكلىپىنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، "ئۇيغۇر ئالىملىرى ۋە نوبېل مۇكاپاتى ھەققىدە" تېپىز بولىسمۇ قىسقىچە توختالدىم. ماقالەمدە مەن ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىششىدىن ئۈمىت بار دەپ بىشارەت بەردىم. بىراق، مەن ئۇنىڭ ۋاقتىغا چەك قويمىدىم، چۈنكى قويالمىدىم. بەلكى ئۇ ئالىملىرىمىزنىڭ سۈرئىتىگە باغلىق دەپ ئېيتتىم. سىز بىلەن بولغان سۆھبەت تۈيۈقسىز ماڭا نوبېل مۇكاپاتى ھەققىدە ئەسلىتىپ قويدى. چۈنكى، سىز ۋە سىزگە ئوخشاش يېتىشىپ چىقىۋاتقان ئالىملىرىمىز مۇشۇنداقلا زور تىرىشچانلىق كۆرسەتسە، ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ يېقىن كەلگۈسىدە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىششىدىن زور ئۈمىت بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مېدىتسىنا ئىلمى بويىچە نوبېل مۇكاپاتى تارقىتىلىدۇ. ئۆزىڭىزنى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشىپمۇ خىيال قىلامسىز؟

ـ ـ ـ نوبېل مۇكاپاتى ئۆزۈڭگە مەلۇم بولغاندەك، ئىلىم ـ پەندە ئەڭ بۈيۈك چوققىغا چىققان كىشلەرگە بېرىلىدىغان تارتۇق. مەن بىر چاغلاردا بۇ ھەقتە خېلى ئويلانغان، ئارزۇ قىلغان. كېيىن ئىلمىي تەتقىقات بىلەن

بولۇپ كېتىپ ئۇ خىيالنى ئۇنتۇپ قالدىم. بىراق، يېقىندىن بۇيان شۇغۇللىنىۋاتقان تەتقىقاتىم ـ ماڭا قايتىدىن ئۇ ئوتنى تۇتاشتۇردى.

بىز ـ بەندە. بىز سەۋەب قىلغۇچى، قۇدرىتى ئۇلۇغ ئىگەمدىن تىلىگۈچى. مەن هاياتىمدا هېچقاچان "مۇمكىنچىلىك"نى رەت قىلىپ باققان ئەمەس. مۇبادا بۇ مۇكاپاتقا ئېرىشسەم ـ ئۇ بىر كاتتا ئىش بولغان بولىدۇ، چۈنكى ئۇ مېنىڭ ئەمەس، خەلقىمنىڭ ئېرىشكىنى بولىدۇ. مۇبادا ئېرىشەلمىسەممۇ، هېچ بولمىدى دېگەندە ئۇ خىل ئوتنىڭ ياش ئالىملىرىمىزغا تۇتىششىغا پايدىسى بولىدۇ.

***ئەسلەتمە ـ 2:** ئوقۇۋاتقان كەسپىمنىڭ سەهىيە ئىقتىسادشۇناسلىقى بولۇشى تۈپەيلى، ئىنسانلارنىڭ سۈپەتلىك هالدا ساغلام ياشىشىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان خەتەرلىك ئامىللار ۋە هازىر دۇچ كېلىۋاتقان يۇقۇملۇق ۋە سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر هەققىدە بىر قەدەر ياخشى چۈشەنچىگە ئىگەمەن. راك كېسەللىكى هەققىدە مۇنداق بىر ستاتىستىكىلىق پاكىت: هازىر دۇنيا بويىچە هەر خىل راك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولىدىغانلارنىڭ سانى يىلىغا 10 مىليون بولۇپ، بۇ كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆلىدىغانلار 7 مىليون. تەتقىقاتچىلار راك كېسەللىكلىرى بىلەن گىرىپتار بولىدىغانلار سانىنىڭ كېيىنكى 20 يىل ئىچىدە تەخمىنەن 50% ئاشىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشمەكتە. راك كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغانلارنىڭ هايات قېلىش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن. مانا مۇشۇنداق*

Unregistered

*شارائىتتىا   راك كېسەللىكنى ئۇنۇملۇك هالدا داۋالىيالايدىغان بىرەر دورىنى مىپ قىلغان ئالىم ـ نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىششكە هەقلىق ئەلۋەتتە.*

*مەن ماقالىنىڭ بېشىدا سۆزلەپ ئۆتكەن ئالەخاندەر فلېمىڭ (1881 ـ 1955) دەل پەنسىللىننى بايقىغانلىقى ئۈچۈن 1945 ـ يىلى "فىزىلوگىيە ۋە مەدىتسىنا ئىلمى" بويىچە نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.*

رىشات، ئابباسنىڭ سۆزلىرىدىن ئۈمىدلەندىم ۋە ۋاقتىنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالغانلىغىنى كۆرۈپ:

ـ ـ ـ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭىزغا تىلەكداشمەن! ـ ـ دېدىم مەن بۇ تەمىدىكى سۆھبىتىمىزنى ئاخىرلاشتۇرۇپ

تىلسىملار دۇنياسىدا نۇر قۇچقان ئالىم (10)

(ئەدەبىي ئاخبارات)

ئاپتورى: قەيسەر مىجىت

(داۋامى)

UnRegistered




كىشلىرىمىز

ئالىملىق بىلەن ئادىمىيلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ھەققىدە مۇنازىرە قىلىشىپ كەلگىلى خېلى بىر زامانلار بولدى. بەزىلەر "ئالىم بولۇشتىن ئاۋال ئادەم بولۇش زۆرۈر دېيىشسە"، يەنە بەزىلەر "ئالىم بولغانلىق ئادەم بولغانلىق" دېيىشتى. مەن ئالىملىق ھەققىدىكى چۈشەندۈرۈشۈمنى مەزكۇر ئاخباراتنىڭ باش قىسمىدا بايان قىلىپ ئۆتتۈم. مەن ئەمدى "ئادىمىيلىك" ھەققىدە ئازراق توختىلىپ ئۆتىمەن.

تىلىمىزدىكى ". دىمىيلىك" ئۇقۇمى ـ ئەجابى سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئىپادىلەيدىغىنى بىر ئىنساندىكى قىممەت يەنى "ئەخلاق ـ پەزىلەت، مەردلىك، ئاقكۆڭۈللۈك ، مېھماندوستلۇق ۋە ئۆز خەلقىغە بولغان ئەقىدە، مۇھەببەتنىڭ ئۇرغۇپ تۇرۇشى، رەزىللىك ھەم پەسكەشلىكتىن، نامەردلىك ۋە

UnRegistered

خەسسلكتىن يىرگىنىشتەك" سۈپەتلەرنى كۆرسەتسە كېرەك. شۇنداق بولغانلىقتىن خەلقىمىز "ئادىمىلىكنى" ئۆلۈغلايدۇ. ئەلۋەتتە، بىر ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىغا "ئالىملىق بىلەن ئادىمىيلىكنىڭ" مۇجەسسەم بولۇشى ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك ئىش. مەشھۇرلىرىمىزدىن مەرھۇم "مەمەتئېلى ئەپەندى" "ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر"لەر مانا مۇشۇنداق كىشلەردىن بولغان ئىكەن.

دەۋر بىلەن دەۋر مەزمۇن ۋە خاراكتېر جەھەتتىن ئوخشمايدۇ. ئەمما جەمئىيەتتە، كىشىلەر بىلەن كىشلەر ئوتتۇرىسىدا ۋە شەخسنىڭ ئۆزىنىڭ كۆندىلىك تۇرمۇشىدا ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئىنسانىي ئەخلاق ـ پەزىلەت، پرىنسىپلار، قائىد ـ يوسۇنلار، ئۆرپ ـ ئادەتلەر ۋە مۇنەۋۋەر چوڭلىرىمىزدىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان خىسلەتلەر داۋاملىششى كېرەك. مۇشۇ مەنادىن ئېيتقاندا، ھەر بىر دەۋردە مۇنەۋۋەر پىشقەدەملىرىمىز ياندۇرغان "ئادىمىيلىك" مەشئىلىنى ئۆزگە خاس ھالدا كۆتۈرۈپ ياشاۋاتقان كىشلىرىمىز بار. ۋىلىدىن رىشات ئابباس دەل ئەنە شۇنداق ئۆز دەۋرداشلىرىغا نىسبەتەن "ئالىملىق بىلەن ئادىمىيلىكنى" ئۆزگە مۇجەسسەم ئەتكەن ئېسىل ئوغلانلىرىمىزنىڭ بىرىدۇر.

مەن بۇ ئاخباراتتا ئاساسلىقى ئۇنىڭ ئالىم بولۇپ يېتىلىپ چىقىش جەريانىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇم. ئەمما ئۇنىڭ ئادىمىيلىك خىسلەتلىرى ھەققىدە توختالمىدىم. بۇ ھەقتە توختالمىسام، ئۆزىنى "ئەركەكمەن" دەپ مەغرۇر يۈرگەن ئەرنىڭ "كۇسا" بولۇپ قالغىنىدەك ئىش بولمىسۇن.

خەلقنى پەن ـ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ ئارقىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ھەقىقى مەنىسى بىلەن چۈشىنىدىغان رىشات، ئۆزىدىن ئوقۇش ئۈچۈن ياردەم تەلەپ قىلغان ھەرقانداق بىر ئۇيغۇر پەرزەنتىگە ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە ئەمەلىي ياردەم قىلدى. ياخشىلارغا سادىق ۋە سەممىي بولدى. ئامېرىكىغا يېڭى ئوقۇشقا يېتىپ كەلگەنلەر قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ ياردىمىنى ئايىمىدى. چوڭغا ـ چوڭ، كىچىككە كىچىك بولدى. قەلبىدە خەلقىغە بولغان مۇھەببەت ۋە ھېسسىياتى چەكسىز بولدى.

ئۇنىڭ بۇ خىل پەزىلىتىنى كۆرۈپ يەتكەن ۋە ئۇنى چۈشەنگەن كىشىلەر ئۇنىڭغا تېگىشلىك ھۆرمەت بىلدۈرۈشىدۇ، ئەلۋەتتە.

شۇنى قىستۇرۇپ ئۆتۈش مۇۋاپىقكى، بەزىدە بەزىلەر "ئالىملىق شەرتىگە توشاي" دېگىنى بىلەن ئۆزىنىڭ ياراتقان نەتىجىسىنىڭ يوق بولغانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز ئىجادىيىتى ۋە ھالال مېھنىتى ئارقىلىق يۈكسەلگەن ۋە شان ـ شەرەپ قۇچقان باشقا قېرىنداشلىرىغا ھەسەت قىلىش ۋە كىچىك كۆزلۈك بىلەن پىتنە قىلىش تۈپەيلى "ئادىمىيلىك" نىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەيدۇ.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزگىرىپ بارىدۇ. بەزى جەھەتتە بۇ ئۆزگىرىشنى تەرەققىيات دەپ ئاتىساقمۇ بەزى جەھەتتە

UnRegistered

ئۇنى شەخسەن مەن تەرەققىيات دەپ ئاتمايمەن. مەسلەن بىز ياشاۋاتقان جەمئىيەت ئېغىر ئەخلاق كرىزىسىگە دۇچ كەلمەكتە. ئادەملەرنىڭ تۇرمۇشىدا ئەمەل قىلىدىغان پرىنسىپىنىڭ يوقلىشى، مەنپەئەتپەرەسلىك ۋە راھەتپەرەسلىك ( ھەدونىسىم )نىڭ كۆچىيىشى، پىتنە ـ پاسات ھەم ھەسەتخورلۇقنىڭ يامرىشى، ۋاپاغا جاپا قىلىش، ئاشنى ئىچىپ بولۇپ چىنىنى چېقىۋېتىشتەك ئاللاكىملەردىندۇر يۇققان ۋابا ـ قېرىنداشلار ئارا ئىشەنچنى سۇسلاشتۇرۇپلا قالماي، ئۆزئارا ئاداۋەتنى پەيدا قىلىپ، ياخشى ۋە سەممىي كۆڭلى بولغان ئادەملەرنىڭ قەلبىنى ئازابلىماقتا.

كىم بولۇشۇڭدىن قەتئىينەزەر، ئەگەر سەن ياخشىلارنى كۆرەلمەيدىغان، باشقىلارنىڭ نەتىجىسىگە ھەسەت قىلىدىغان ۋە ياكى تۆل خوتۇندەك يىپچى، ياكى بولمىسا يىپچى خوتۇندەك پىتنىچى بىرسى بولساڭ، يەنى بىرەر ئۇيغۇر پەرزەنتى پەن ـ تېخنىكا ساھەسىدە شان ـ شەرەپ قۇچۇپ ھەتتا ياتلارمۇ ئۇنىڭ تۆھپىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ۋاقىتتا، "ئۇ قانچىلىك ئىشتى، بۇ قانچىلىك نېمە ئىدى" دەپ ياخشىلارنى ۋە ئىشلىرىدا ئۇتۇق قازانغانلارنى كەم سۇندۇرۇشقا ئۇرۇنىدىغان بىرسى بولساڭ، ـ ـ ـ ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ يۈكسىلىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان، ئاقكۆڭۈل، تەرەققىپەرۋەر خەلقىڭنىڭ ساڭا ئېيتىدىغان بىرلا سۆز بار:

ياكى سەنمۇ تىرىشىپ شۇنداق بول، نەتىجە يارات، ياكى بولمىسا "ئاغزىڭغا تاش، ئېشىڭغا ماش" سېلىپ ئولتۇر.

Unregistered

چۈنكى، باشقا تائىپىدىن بولغان كىشىلەر مۇنەۋۋەر ئوغلانلىرىمىزغا ھەسەت قىلسا ـ بۇ بىر غەزەپلىنىدىغان ئىش، ئەمما ئۆزىمىزنىڭ ئىچىدىن بىرسى شۇنداق دېسە بۇ بىر ئېچىنارلىق ئىش!

ئاخىرىدا كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ مۇنداق بىر ئاددى پرىنسىپىنى يەكۈنلەش ئارقىلىق بۇ ئاخباراتنى مۇشۇ يەردە تامام ئىتىمەن:

شان ـ 2 ـ ..ھالال ئەمگەك، ئەجىر ـ مېھنەت ۋە جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىدىن كېلىدۇ. پانەمنىڭ قۇچقان شۆھرىتى تۇپەيلىدىن، زۆرەم ئېرىشمەكچى بولغان شەۋكەت ئازىيىپ كەتمەيدۇ. تۆھپىنى چوڭ قوشقانسېرى، شان ـ 2 ۇنچە يۇكسەك بولىدۇ. ھەسەتنىڭ قىلغان ھەستى تۇپەيلىدىن، ھۇسەننىڭ ھوسۇلى ئازىيىپ قالمايدۇ ـ يۇ ، ئەمما ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلى خوش بولمايدۇ.

خاتىمە:

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن،

رىشات ئابباسنىڭ قۇچقان زەپەرلىرىدىن تەسرلەنگىنىم ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئىش ئىزلىرىنى خەلقىمىزگە تونۇشتۇرۇش بۇرچۇم بار دەپ بىلىپ، ۋاقىت جەھەتتە قىسىنچىلىغىم بولسىمۇ بۇنى يېزىپ چىقتىم. چۈنكى، ئۇنىڭ

UnRegistered

ياراتقان ھەر بىر ئىشنىڭ ئېلىپ كەلگەن مارگىنال ئۈنۈمىنى تېخىمۇ ياخشى ئانالىز قىلىش، تېخىمۇ بەدىئىي ۋە ئىلمى تىل بىلەن ئىپادىلەش، مۇھىمى ئۇنى ياشلىرىمىزغا ئۆلگە سۈپىتىدە تەشۋىق قىلىشنىڭ ئەھمىيىتى زور.

لېكىن،

»پىچاقنى بىلەپ تۇرمىسا گاللىشىپ قالىدۇ،

قەلەمنى ئىشلىتىپ تۇرمىسا داتلىشىپ قالىدۇ« دېگەندەك ئەدەبىي ئاخباراتچىلىقنى توختىتىپ قويغىلى **10** يىل بولۇش سەۋەبى بىلەن قەلىمىمنىڭ گاللىشىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئاشۇ سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئەسىرنىڭ قەھرىمانى ـ ئالىم رىشات ئابباس ھەققىدە ئالدىراپ يېزىلغان بۇ يازمىنى ئويلىغىنىمدەك ياخشى يېزىپ چىقالمىدىم. ئەمما رىشات ئابباسنىڭ يېقىن كېلەچەكتە تېخىمۇ كۆپ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغىنىغا تىلەكداش بولغىنىم ھەم ئىشىنىدىغىنىم ئۈچۈن، ئۇ ھەققىدە تەپسىلى ۋە سۈپەتلىك بىر يېزىلمىنىڭ قابىل ھەم تالانتلىق يازغۇچىلىرىمىز تەرىپىدىن روياپقا چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

چۈنكى، ئۈمىدۋار كىشىلەر ئۈچۈن "ئەتە ھامان بۈگۈندىن گۈزەل ۋە پارلاقتۇر!"

Unregistered

تېخمۇ كۆپ ئېلكتاپلار : jalpkar.uyblog.cn :      . سىزنىڭ ھەرۋاقىت

قەدەم تاشرىپ قىلىشىڭىزنى چىن چىندىلىمدىن ئۈمۈد قىلىمەن !!!


تۈزگۈچى : ياسىنجان

ئالاقىلىشىڭ :

ت ساندۇقۇم : koinlon@126.com


QQ : 0 4922552

UnRegistered




UnRegistered

Tilsimlar Dunyasida Nur Quchqan Alim(1)




Tilsimlar Dunyasida Nur Quchqan Alim

(Edebiy Axbarat)

Aptori: Qeyser Mijit

****************************************

Hejep güzel kün boldi bügün,
Sama köpkök, déngizmu köpkök.
Eh, tebiet - ilham buliqi,
Men üchün sen menggü söyümlük!
Kök yüzide jilwidar bolup,
Quyash chachar illiq nurini.
Héslirimni elley étidu,
Heywiti zor déngiz dolquni.
Nazininning söyüshliridek,
Söyüp öter yazning shamili,
Erkin uchup yürgen turnilar,
Sahildiki sahipjamallar,
Güzellikke esra yigitning,
Oghrilaydu xiyallirini.

Ey, tebiet – güzelsen ejep,
Keyp boldum quchaqliringda.
Sen özüngsen –tilsim dunyasi,
Yol achisen tesewwurungha!...

………………… ……………

9-Iyul, Boston, Massachusétts Shtati, Shenbe küni.

Ademler déngizigha aylan'ghan Revere sahilide tenha méngip kétiwétip birdinla közüm yaz peslining rahitini sürüwatqan nurghunlighan ademler arisida “*Italia*” dégen xet bésilghan maykilarni kiyiwalghan sahipjamallargha, Italiyining dölet bayriqini kötürüwalghan yashan’ghanlar we yashlargha chüshti.

Bu qéri-yash, er-ayal, ushshaq-chong, pishshiqi-tong kishiler - Bostonda yashawatqan Italiyilikler pushtidin bolghan Amérikiliqlardur. Bügün ular ete Italiye bilen Fransiye otturisida Gérmaniyide élip bérilidighan putbol musabiqiside Italiye komandisigha bolghan yaxshi tileklirini hemde özlirining yiltizi tutashqan Italiyege bolghan chongqur muhebbitini, déngiz sahilidiki tebiet güzellikidin hozurlinish tuyghusigha singdürüwétishken. Hetta Bostonning

UnRegistered

sheher bashliqi Thomas Ménino mu Italiyeliklerning pushtidin. Bir Muxbir uningdin “Qaysi komandining utuwélishini ümid qilisiz?” dep sorighinida, uning “Elwette Italiyening”, dep jawab bergini méni oylandurdi: Insaniyet jem’iyiti nurghun issiq-soghuqni bashtin kechürüp 21-esirge qedem qoyghan, pen-téxnika uchqandek tereqqi qiliwatqan bügünki künde, "Yersharilishish" we "Ortaq Insanchiliqni" teshebbus qilidighan döletning wekillik xaraktérge ige bir puxrasi--yenila ejdadlirining urughi chéchilghan zémin'gha telpünüwatidu, öz yiltizigha tartiwatidu. Qarighanda, kishilerning "özlük shan-sherep tuyghusi" meng'gülük bolidighan oxshaydu.

Özining "Italia" likler pushtidin ikenlikini meghrurluq bilen namayende qiliship hayajanliq keypiyatqa chömüshken bu ademler topini körgen, emma bu yerni yaxshi chüshenmeydighan herqandaq bir ademning “bu yer -Italiyige tewe zémin oxshimamdu?" dep qélishi éniqla turghan gep.

Men bu menziridin qilchimu hayajanlanmidim, chünki men üchün bu putbol musabiqiside kimning utushi beribir.

Mubada qaysi bir komandining ichide Tarim deryasining süyini ichip, Tengritaghning hawasida nepes élip chong bolghan bireri bolsa idi, u chaghda méning inkasim bashqiche bolatti, xuddi milyonlighan Aljiriyelikler ---Zidan bashchiliqidiki Fransiye komandisining yéngiwélishini arzu qilghandek, menmu ashu yigit mensup komandining yéngiwélishini arzu qilar idim. Hettingey, hazir bu bir chüsh...

Adem - gösh bilen qandin, roh bilen jandin pütken nerse, shunga uningda héssiyat we hayajanlinish bolidu, lékin ademlerdiki héssiyat we hayajanlinishning sewebi we derijisi oxshash bolmaydu. Emma bir nerse éniqki, adem hayajanlan'ghanda uningdiki yoshurun qabiliyet özini ipadileydu, netijide sezgü ezaliri qiliwatqan ishida adettin tashqiri derijide öz iqtidarini jari qilduridu. Mesilen, Shair hayajanlan'ghanda uning mügdep qalghan nerwa hüjeyrilirining xizmiti janlinip kétidu-de tepekkur perishtisining étikidin, ajayip pikir durdaniliri toxtawsiz töküldu. Alim hayajanlan'ghanda, belki u chong alemshumul bayqashni we yaki jahanni hang-tang qalduridighan nezeriyini otturigha qoyuwétishi mumkin. Sen melum xil güzellikke meptun bolghanda héssiyating urghuydu, Shairane tuyghulargha chömisen, öz xelqing ichidin chiqqan munewwer oghul-qizlar melum sahede chong shereplerni qolgha keltürgende ixtiyarsiz hayajanlinisen we pexirlinish héslirigha kömülisen.

Elwette, hés-hayajanningmu özige chushluq dialéktikisi bar. Adem bezide kichik erzimes ishqa qaynash, ghezeplinish tüpeyli, öz-özini kontrol qilalmay exmeq ishni qilip pushayman'gha qélishi, hetta jinayetchige aylinip qélishimu mumkin.

Men bügün insanlar arisida boluwatqan qiziqchiliqlardin héchqandaq hayajanlinish hés qilmidim, eksiche xudaning xasiyetlik bu künide, tebietning güzellikige sheyda boldum. Men üchün tebiet anglisa- anglighusi kélidighan yéqimliq küy. Oqusa- oqughusi kélidighan roman. Körgenséri körgüsi kélidighan güzel jananning özi. Men uninggha meptun

UnRegistered

boldummu,- boldi, xiyallirim qanat chiqirip ötmüsh bilen hazirning girweklириde, özüm we özimiz heqqide, biz we bashqilar toghrisida, hazirimiz bilen kélechikimiz heqqide aylinip yüridu.

Mana bügünmu shundaq boldi.

Köngül ékranimda aliy mektepte ötküzgen künlirim xuddi VCD plastinkisidek bir-birlep ötmekte.

Mana - Uniwérsitét kulubida özining néme dewatqanlighini chüshinip naxsha éytidighan az sandiki naxshichilirimizdin biri bolghan talantliq naxshichi Izzet Ilyas - ademning qelbini titritidighan nazaket we eqil héslirini oyghitidighan maharet bilen naxsha éytiwatidu:

*Bashqilar chiqti aygha-yultuzgha,*
*Bizdiki ghem bügün toy bilen dastixan.*
......

Mana – 20-esirdiki Uyghur hazirqi zaman peylasopi we yétük alimi –Merhum Abdushükür Muhemmet'Imin, Noruz bayrimini xatirilesh yüzisidin oqughuchilar birleshmimizning telipimizge binaen Uniwérsitét Qizlar Ashxanisining astidiki oqughuchilar paaliyet zalida sözlimekte...

*"---Boksiyor musabiqiside reqibini yéngiwalghan chémpiyon'gha kishiler güldüras alqish sadalirini yaghduruwétishti. Waqtini ilim-pen öginish, tetqiqat we kitab yézish, xelqini aqartish bilen ötküzüwatqan alimning keynidin kishiler, "toy-tökün'ge barmaydu, adimigerchilikni bilmeydu" dep aghrinishti.*

Mana - Yene shu alim, Uniwérsitét ximiye fakultéti oqutush binasining 4-qewitidiki zalida oqughuchilargha nutuq sözlimekte...

*---Hesetxorluq --- sherqche hesetxorluq, we gherpche hesetxorluq dep ikki xil bolidu. Bu ikkisining perqi shu yerdiki--- gherbche hesetxorluqta, kishiler "men sendin qalamdim" dep ijadiyet we tetqiqatta özige telep qoyidu, tirishidu, netijide özi kespte ilgirileydu, jem'iyitining algha bésishigha körünerlik derijide töhpe qoshidu. Sherqche hesetxorluqta, "men chiqalmighan derexke senmu chiqma" deydu-de, yaki derexni késishke urunidu, yaki putungdin tartishqa aran turidu. Netijide özi heset destidin azablinip késel bolidu, jem'iyiti keynide qalidu. Ziyan özigimu bolidu, jem'iyetkimu bolidu...*

Köz aldimda aliy mektepte yazghan "Kündilik Xatirem".

Aliy mektepning 4-yilidiki öktebirning bir küni uning'gha mundaq yéziptikenmen:

Men eqlimni bilgendin bashlap, "millitimizni tereqqi qildurayli" dégen gepni anglap kéliwatimen, buni oqutquchilar dewatidu, yazghuchilar yéziwatidu, rehber bolghuchilar

Unregistered

sözlewatidu, hetta menmu  oqughuchilargha öginish tejribisini tonushturush paaliyitining bashlinish qismida "tereqqiyatqa ilim-pen öginish arqiliq érisheleymiz" dep sözlidim.  Zadi "tereqqiyat dégen néme?", aliy mektepte oqusaqla milletni tereqqiy qildurghili bolamdu? zadi qandaq sewebler yaki qandaq shexsler bir jem’iyetni tereqqiyat yoligha yétekliyeleydu?

Xiyallirim sepirini dawam qilmaqta...

Hazir men yashawatqan Bostonda bundin 300 yil ilgiri  Benjamin Franklin dégen  meshhur peylasop, keshpiyatchi, hem siyasion kishi tughulghan. Men Ürümchide In'glizche öginip yürgen chéghimda, bir kitabtin uning “Meripetik millet qulluqqa mehkum bolmaydu” dégen sözini oqup, “-berheq!” dégen idim.
Mana emeliyet ispatlap turuptu, ilim-pen bilen qorallan'ghan, maaripni ching tutqan, izdinish, ijad qilish rohigha bay,  küchlük riqabet engigha ige herqandaq millet we döletning rawajlanmighini, ronaq tapmighini yoq.

Siz munu 2000  yildin artuq sergerdanliq, wetensizlik we milliy azab-oqubetni yetküche tartip Gitlér teripidin wehshiyane türde irqiy qirghinchiliqqa uchrighan Yehudi millitige qarang. Ularning kichik bolsimu qudretlik wetinining bolghinini éytmayla qoyayli, muhimi ularning meripetke bir xelq süpitide ehmiyet bérishi -- mana bügün ularni dunyaning siyasiy we iqtisadiy ishlirigha hel qilghuch tesr körsitidighan milletke aylandurdi.

Siz yene Padishahliri we yaki Bash baqanlirining qanxorluqi, aldamchiliqi tüpeyli 2-dunya urushida zor talapetlerge duchar bolghan Daxé (Yapon) milliti we yaki Gérman millitige qarang, ularning hemmisi qisqighine waqit ichide urush xarabiliqidin des turup, ilim-pen’ge we ilghar téxnikigha tayinip xaniweyran bolghan dölitini qayta qurup chiqip, bügünki dunyada yene tötning biri bolup meghrurluq bilen yashawatidu.
Yekke dölet we rayonlarni qoyup turup, pütün insaniyet jem’iyitining bügünidin, ötmüshige nezer salsaq, ilim-pen téxnikisidiki her bir yéngiliq we bösüshning insaniyet jem’iyitini ilgiri basturidighan ghayet zor küch ikenlikini téximu roshen halda körüwalalaymiz.

Ilahi kitablarda éytilishiche “Adem” bu dunyaning merkizi iken. Shundaqla, ilah, “yaritishni yarattim, yaralmishing özüngdin” dégenmish, yeni qandaq yashash hoquqini jümlidin ilim-pen bilen shughullinish shughullanmasliq, tereqqi qilish-qilmasliqtin ibaret tallash hoquqini insaniyetke bergen iken. Körüp turuptimizki, insaniyet özining uzaq esrlik tarixi musapiside, eng deslepki bir jüp ejdadi enjür yapraqlirini özlirige yépincha qilishtin hala bügünkidek haletke kelgüche, tilsimlargha tolghan bu paniy dunyada toxtawsiz türde izdinip, ijad qilip, alemshumul özgirishlerni barliqqa keltürdi. Gerche, herqaysi milletler, medeniyetler bu xil yüksilishke tégishlik hesse qoshqan bolsimu,  emma hazir biz körüwatqan zamaniwilishishning piltisigha ot tutashturghuchilar, 18-esirde "Aqartish herikitini" qozghighan we 18-esirning otturlirida par mashinisini keshp qilip insaniyetni sanaet inqilabigha bashlap kirgen Yawropaliqlar boldi. Galileo we Newtonlarning közitish hem tejribidin ötküzüsh arqiliq otturigha qoyghan bayqashliri, nezeriyeliri - tebiet dunyasining öz'ara maslashqan, tertiplik halda melum xil fizikiliq qanuniyetler arqiliq mewjut bolup turidighanlighini körsetken bolsa, Thomas Payne, Montesquieu, Rousseau we Francis

Unregistered


Bacon gha oxshash mutepekkurler, ilim-pen we téxnika arqiliq insanlarning tebietni yaxshi chüshinip özlirining yashash muhitini yaxshiliyalaydighanliqigha ishinishti we shu xil idiyining urughini öz jem’iyitige chéchip, Yawropa pen-medeniyet güllinishining altun dewrini yaratti. Ashundaq ulugh aqartish herikitining netijiside, eyni chaghdiki Yawropada her qaysi shahelerde chong chong yéngiliqlar, özgirishler yüzbérip we tedriji halda yer sharining bulung pushqaqlirigha tarap, insaniyetning muhtajliq alimidin mumkinlik alimige qedem qoyushigha asas saldi. Alayli, par mashinisining ijad qilinishi bilen insaniyet jem’iyiti sanaet inqilabigha hamile boldi. Ishlepchiqirish küchliridiki bu zor yüksilish – Yer sharining qiyapitini shiddet bilen özgertti. Qatnash –Transport tereqqi qildi, zawut -fabrikilar qurulup, ishlepchirish kölemleshti. Tawar almashturush küchiyip, soda-tijaret güllendi. Kishilerning turmush usulida, idiyiside, ijtimai –iqtisadiy paaliyetliride zor burulush boldi. Ish teqsimatining inchikilishishi, emgek ünümdarliqining éshishi, kishilerning iqtisadi kirimini yuqiri kötürüp ularning turmush sharaitining yaxshilinishini keltürüp chiqardi. Ozuqlinishning yaxshi bolushi, aldini élish xaraktérliq ammiwi sehiye ishlirining tereqqi qilishi we Méditsina-dora tetqiqat sahesidiki bayqashlar, keshpiyatlar kishilerning süpetlik we saghlam halda uzun ömür körüshige asas saldi. Mesilen Aléksander Fléming teripidin 1928 -yili Pensilinning tasadipi bayqilishining özila kishilerning otturiche ömrini bir nechche on yil ashurdi. Nöwette, biz döletlerning tereqqiyat sewiyisige baha bergende, uni burunqidek, en’eniwi haldiki kishilerning kishi béshigha toghra kélidighan otturiche kirimi yeni iqtisadiy ölchem bilenla emes, belki yene shu jem’iyette yashighan kishilerning süpetlik halda uzun ömür körüsh-körmeslikini qoshup turup baha bérimiz. Mushu tereze bilen ölchigende, nöwette ahalisining otturiche ömür körüsh yéshi 50 yash etrapida bolghan bir dölet, yaki jem’iyet ---éniqki namrat we qalaq bir dölet hésablinidu. Bügünki töwenki Sahara Afriqa Qit'esidiki nurghun döletler del mana mushu tipqa kiridu. Démek, tar menidin éytqanda tereqqiyat - kishilerning iqtisadiy kirimining yuqiri kötürülüshini közde tutupla qalmastin, belki yene ularning saghlam halda uzun ömür körüshinimu közde tutsa, keng menidin bolsa kishilerning “yashash sharaitining yaxshilinishi we ijtimai tallash pursetlirining kéngiyishini körsitidu. {*Keng menidiki tereqqiyat uqumining éniqlimisi – Peylasop, Iqtisadshunash we Nobél Iqtisad Mukapati Lawriyanti Amartya Sen ependige tewe*}

Xiyal yoluchilirim mushu yerge kelgende, Peyghembirimiz Muhemmet Eleyhissalamning “Ilim yiraq Chinda bolsimu élinglar" dep neqeder toghra éytqanliqigha qayil boldum.

Quyashning ottek hararitide barghanséri qiziwatqan zémin, ussuzluqqa teshna boluwatqanliqimni sezdürgendin kéyinla xiyal dunyasidin qaytip keldim we soghuq ichimlik ichkili mangdim.

## Tilsimlar Dunyasida Nur Quchqan Alim(2)

Unregistered




(Dawami)

Boston, Massachusetts, Yaz Ayliri:

Bu yerde -----Ishtin chüshkendin kéyin, Uyghur medeniyitining böshüki bolghan, sirliq we séhrlik ana makan – Qeshqerdiki "Güzer reste"side olturghandek olturup chayni qéniq demlep, 10-20 zix kawap buyrutup qoyup chöpqetirning bilen mungdishidighan muhit yoq. "Dunkin Donut"ning cofisini seherde bir qapla ichish kupaye. New Yorkqa hepte axiri barimen. Shunga tetil künliridiki hepte ariliqida ishtin chüshkendin kéyin öyge qaytishqa aldirap ketmeymen. Bundaq chaghda kitabxanilarni arilaymen. Bügün "qandaq yéngi kitablar chiqtikin" dep kitabxanini aylinipwétip "2006 –yilidiki Amérikidiki mesh'ur shexsler" namliq téxi yéqindila neshr qilin'ghan kitabqa közüm chüsti. Bu kitabning 1899-yilidin bashlap her yili neshr qilinidighinini, Rozwelittek meshhur siyasionlar, Einsteindek dangliq alimlar, Kenneth Arrowdek Nobél mukapatigha érishken Iqtisadshunaslar we Bill Gatestek dunyawi karhanichilarning, qisqisi bu kitabqa her yili her qaysi sahelerde Amérika jem'iyitige alahide töhpe qoshqan shexslerning tallinip kirgüzülidighanliqini bilettim. Ixtiyarsiz munu köp menbelik, köp milletlik we köp qirliq medeniyetke ige bu dölette zadi kimlerning bu jem'iyetke chanchilik töhpe qoshuwatqanliqi we ularning töhpisining qanchilik étirap qilin'ghinini bilip baqqum keldi.

Ademning közi adette özige tonush nersini asan bayqaydu.

Kitabni waraqlawétip, birdinla tonush bir isimni körgendek boldum emma, "Bizdin téxi bu kitabqa kirgüzgidek shexs chiqqini yoq, chiqqan bolsa anglar idim" dégen xiyal bilen, ittik ötüp ketmekchi boldum-yu, ixtiyarsiz, bu ademning terjimhaligha nezerimni aghdurdum.

"Rishat Abbas Borhan – Kilinikiliq dorilarni tetqiq qilish we wujutqa keltürüsh sahesidiki bash tetqiqatchi. Uyghur. 1960 –yili Awghustta tughulghan. Abbas Borhan we Mariye Ablizning oghli......

Unregistered

...Kespi jurnallarda we ilmiy muhakime yighinlirida 80 parchidin artuq ilmiy maqale élan qilghan we oqughan. Qolgha keltürgen tetqiqat netijiliri —ayrim-ayrim halda 1996-yili 5-ayda Amérika Dölet Mudapie Ministirliki, ve Hawa Armiye Qomandanliq Shitabi teripidin mukapatlan’ghan hemde 1999-yili 3 –ayda “Zehershunasliq Ilmiy Jem’iyiti" teripidin munewwer maqale bolup bahalinip mukapatqa érishken.

... 2001-yili ötküzülgen "Diabét késili (Qent Siyish Késili)ni Dawalash Téxnikisini Almashturush Ilmiy Yighini" da bir maqalisi 'Eng Yaxshi Maqale Mukapati' gha érishken. Yéngi dorilarni tetqiq qilish we wujutqa keltürüsh jehette qoshqan töhpisi körünerlik bolghan. Insulinni éghiz arqiliq istémal qilish téxnikisi boyiche paténtqa érishken. Pharmacokinetica we Pharmadynamica tetqiqati jehette shundaqla yéngi dorilarni tetqiq qilish we wujutqa keltürüsh jehettiki tetqiqat layihesini tüzüsh, tejribe qilish we kilinikiliq sinaq qilish jehetlerde özgiche uslub ijat qilip, alahide netije yaratqan. Hazir, Wyeth tetqiqat merkizide dunyawi dora tetqiq qilish we wujutqa keltürüsh chong etritining rak késellirini dawalaydighan dorilarni tetqiq qilish ve barliqqa keltürüsh tarmiqining dréktori.

Rishat dora tetqiqati saheside pew'quladde netije yaritip, hazirqi zaman Amérika jem’iyitining yüksilishige tégishlik töhpe qoshqanliqi üchün nami mezkur kitabqa kirgüzüldi".

---"Özi, neq özi shu".

Xuddi chöldin bulaq tépiwalghandek xush bolup kettim. “Pah, bizdinmu bu kitablargha meshhurlar qatarida tizilidighanlar bolidiken-he?

Ottura mektepte oquwatqan chéghimda "Ayropilanni -aka-uka Wrights, Téléphonni Édison, Pensilinni Fléming ijad qiptu yaki bayqaptu, ejep biz Uyghurlardin héchkim xelq'araliq tesrge ige birer nerse ijat qilmaptu, 'Qutadghu-bilik' imiz bar, qedrige yetmiduq, '12 muqamimiz' bar, özimizla chüshinip hozurlinimiz, .." dep oylap kétettim.

Bügün bashqiche rohlandim. Men öz’ara adettikichila salam-saet qilishidighan, dora tetqiqat ilmi boyiche Doktorluq unwani alghan bir Uyghur perzentining Amérika jem’iyiti bolupmu Amérika pen-téxnika sahesi étirap qilghudek bunchilik derijide chong netije qazan'ghanliqini xiyalimgha keltürüp baqmaptikenmen.

Adem bir nersining tégige yetmigüche boldi qilmisa, uni budushqaq deymiz, méning budushqaqliqim tutup ketti.

Tor téxnikisigha barikalla! Sen her waqit özüng'ge kéreklik matériyallarni her xil izdesh wasitiliri arqiliq uchur déngizidin xuddi béliqchi déngizdin béliq süzgendek süzüwalisen. Men Rishat (Richat depmu yézilidu) Abbas dégen isimni torgha kirgüzüp kördüm. Köz aldimda Rishat Abbas toghrisida köp uchurlar peyda boldi. Hemmisi dégüdek uning ilmiy emgeklirige ait uchurlar bolup, hetta bularning beziliri In'glizchidin bashqa chet el tillirigha yeni Xenzuche we Gérmanchigha terjime qilin’ghan idi. Hem heyran qaldim, hem xush

UnRegistered




boldum. Heyranliqim shuki, ana tili In'gliz tili bolmighan bir Uyghur perzentining dunyawi pen-téxnika saheside aldinqi qatarda turidighan ilmiy jurnallarda shunche köp maqalilerni élan qilalashi idi. Eger men Doktorluq unwani üchün oqumaywatqan bolsam, belki bu qeder heyran qalmasliqim mumkin idi, heyran qalmasliqimning sewebi "ilmiy maqalini" chong bilmeslikimdin emes belki, uning qandaq pütüp chiqishini chüshenmeslikimdin bolushi éniq idi.

## Tilsimlar Dunyasida Nur Quchqan Alim(3)

(Edebiy Axbarat)

Aptori: Qeyser Mijit

Adette ilmiy maqalining pütüp chiqish jeryani - tejribichilik usuli qollinilidighan tetqiqatta mundaq bolidu:

Aldi bilen tetqiqatchi yaki alim hadisilerni közitish jeryanida weqening kélip chiqish sewebi heqqide melum xil penniy bilim we ilmi nezeriyege asaslinip özining perizini otturigha qoyidu. Andin emeliyettin ötküzüsh arqiliq yeni tejribichilik usuli asasida sinaq qilip, analiz qilmaqchi bolghan özgergüchi miqdarlar toghrisida uchur we sanliq melumat toplaydu. Axirida zörür bolghan ilmiy we téxnikiliq wasitilerge tayinip, ilgiri özi otturigha qoyghan perezning emeliyet bilen uyghun yaki emeslikini analiz qilip, bir xulasige kélidu. Bu yerde ilmiy tetqiqatta hazirlashqa tégishlik halqiliq ikki shert bar. Biri, köz qarashning ilmiyliki - buni adette ijadkarliq yaki tepekkurning chongqurluqi dep chüshensekmu bolidu. Yene biri, özgergüchi miqdarlar heqqide uchur igileshte zörür bolghan tejribe sharaiti, yaki éniq qilip éytqanda maddi sharait. Men bu ikki shertning ichide tetqiqatchining köz qarishini muhim dep qaraymen. Chünki kishini qayil qilarliq ilmiy perez bolmisa, dunyawi sewiyediki ilghar maddiy sharait bolghandimu tetqiqatta ilgirileshke érishkili bolmaydu, emma yéngi pikir we ilmiy qiyasla bolidiken, pen-téxnikining küchini tonup yetken riqabetlik bu dunyada, Izden'güchi maddiy sharaitni haman qolgha keltüreleydu. Mushu mentiqidin éytqanda, xelq'ara sewiyediki jurnallarda köp maqale élan qilghan bir kishini ijadiyliqi yuqiri, qisqisi, heqiqi menidiki "alim" dep éytishqa heqliqmiz.

Bu yerde "alim"liq heqqide qisqiche toxtilip ötüshning ziyini bolmisa kérek.

UnRegistered

Kishiler adette özliri ishlitiwatqan uqumlarni asanla arilashturuwétidu, xuddi "yéshil reng" dep turup "kök reng" ni, “Qoghun” dep “Soymini” körsetkendek. Ilim saheside "alim" dégen söz --- maddiy dunyani chüshendürüshni meqset qilidighan melum sahede (asasliqi tebiiy pen) sistémiliq bilimge ige bolghan hemde közitish, tejribidin ötküzüsh we eqliy xulase chiqirish arqiliq jamaet étirap qilghan ilmiy nezeriye we yaki maddiy shekilge ige mehsulatni wujutqa keltürgen shexsni körsitidu. Lékin shuni éniq aydinglashturush lazimki, bir adem -melum xil ilmiy unwanni alghanliqi üchünla "alim" bolup, almighanliqi üchün "alim" bolalmay qalidighan ish yoq. Mesilen bir adem penning melum bir türide "doktor" luq unwani alsun deyli, buningliq bilen u kishini "alim" dep atash - istémal qiliniwatqan bu sözni yaxshi chüshenmey, aldirap chiqarghan xulase bolushi mumkin. Doktorluq unwani - alimliq tonini kiyishning bir yéterlik sherti, emma zörür sherti emes. Konilar: "Törde olturghan hésab emes, zelle alghan hésap" déyishken iken. Gep séning unwaningda emes, yaratqan netijengde. Shunga eynekning yene bir teripide turup shundaqmu éytalaymizki, yuqiri ilmiy unwan almay turupmu, özlükidin tirishish arqiliq melum sahede yétilgen, pen-tetqiqat netijisi körünerlik bolghan kishilermu "alim"liq sheripige muyyesser bolidu, elwette.

Biz turmushimizda 5 yashliq kichik balining ayighinimu ayagh, 30 yashliq ademning ayighinimu ayagh dep ataymizu, emma birsining ayighini yene birsige keydürgili bolmaydu. Seweb bu yerde ölchemning oxshimasliqida. Shuninggha oxshash "alim"liqningmu derijisi bolidu. Biz bu yerde dewatqan alim ---bir jem’iyetkila mensup, bir millet özigila chüshinishlik alimmu yaki xelq'ara sewiyediki alimmu?

Mundaq oxshitishqa bolidu: Bir milletning xelq'ara sewiyidiki alimliri shu milletning markisi. Bu marka dunyagha qanche yüzlendi dégenlik - milliting dunyagha tonuldi dégen geptur. Dunyagha özining insaniyet jem’iyitining tereqqiyatigha qoshqan töhpisi bilen tonulghan millet - Jelpkar millet, hayatiy küchi urghup turghan, shundaqla kelgüsi parlaq bir millet. Melum milletning bir pütün top sheklide yeni xelq süpitide tereqqiyatqa intilishi we tereqqiyatni qolgha keltürüshi köp tereplime amillargha bérip taqilidu. Bularning ichide xelqning némige yüzlinishi yeni qandaq yönilishni tallishi we shu xelq teshkil qilghan jem’iyetning rohiy keypiyati nahayiti muhim. Bu - ewladlarning qaysi xil qimmet qarash bilen chong bolushigha nahayiti chong tesir körsitidu. Eger jem’iyette eysh-ishretchilik éghirliship, alimni emes naxshichini, ilimni emes, ussulchining tolghap oynighan bélini chong bilidighan, alliqandaq özining néme dewatqanliqini bilmey naxsha towlaydighanlarni we yaki héchqandaq exlaqiy ölchem hem wijdan tarazisining cheklimisi bilen hésablashmay, gheyri yollar bilen “bay” bolghanlarni özining öginish ülgisi we intilish obyékti qilidighan xahish yamrap ketse, muqerrerki bundaq milletning kélechiki gungga bolidu, xalas.

Ulugh bowimiz, Mehmud Qeshqeri bundin 10 esir ilgiri shundaq dégen iken:

(Men bu sözni pishqedem birsidin anglidim, emma “Türki Tillar Diwani” dégen kitabni tekshürüp bu sözni dellillesh pursiti bolmidi).

"Naxsha -Ussulgha bérilgen Xelq --- zawalliqqa yüz tutqan Xelq".

Bu sözning özila kupaye. 1000 yildin buyan uni chüshenmigen bolsaqmu, emdi uning tégige yetmisek bolmaydu.

“Eqilghe isharet, nadan’gha juwalduruz” dep toghra éytqan iken danalirimiz.

Biz choqum özimizge telep qoyushimiz, yashlirimizni ilim-pen öginishke righbetlendürüshimiz, xelqimizni meripet arqiliq mewjutlighimiz we kélechikimiz üchün tirishishqa chaqiriq qilishimiz hemde kishilirimiz ichide, ilim-penni qedirleydighan, ilim igilirini hörmet qilidighan we shu arqiliq ichimizdin téximu köp xelq'ara sewiyidiki alimlarning chiqishigha ilham we küch béridighan yaxshi ijtimaiy muhit we medeniyetni berpa qilishimiz zörür.

“Ilim-pen arqiliq tereqqiyatqa érishish” tin ibaret közqarashning könglümde chongqur yiltiz tartqinidin bolsa kérek, - Uyghurlardin yétiship chiqqan xelq'ara sewiyege ige bir alimni- yeni biz téxi bayqap yetmigen bir göherni bayqighinim üchün qewetla xosh boldum hemde könglümde uningha "alim"liq tonini keygüzdüm. Chünki Rishat Abbasning qisqighine 10 yil ichide qolgha keltürgen ilmiy netijiliri, ijadiy muweppeqiyetiliri we munasiwetlik orunlar teripidin bérilgen bahalar, mukapatlar uning heqiqetenmu ismi-jismigha layiq alim ikenlikini ispatlap turatti.

Bu 10 yil ichide Doktor Rishat ependi - özi bash bolup , we bashqilar bilen hemkarliship nurghunlighan ilmiy tetqiqat élip bérip, 81 parche ilmiy maqale yézip chiqti, yazghan maqalirining élan qilinish nisbiti 100% boldi hemde hemmisi zehershunasliq we dorigerlik ilmi saheside xelq'arada aldinqi qatarda turidighan "Zehershunas", "Xelq'ara Zehershunas" we "Dorigerlik ilmi" qatarliq ilmiy jurnallarda élan qilindi. Bu jeryanda u - Yawropa, Yaponiye we Türkiye qatarliq 20 din artuq memlikette we Amérikining herqaysi muhim sheherliride ötküzülgen xelq'araliq ilmiy yighin’gha qatniship 31 qétim maqale oqudi, 10 qétim teklipke binaen léksiye sözlidi. "Eger bir Uyghur perzentining yaratqan ilim-pen muweppeqiyetliri xelq'ara sewiyediki alimlarning étirap qilishigha érishmise, mushu qilni qiriq yérip, inchike ish qilidighan kishiler uning qiliwatqan ishigha qiziqip, léksiye sözleshke teklip qilarmidi?" Mushularni xiyalimdin kechürüwétip, Uyghurlardin chiqqan bu yash alimdin pexrlendim.

Men kichikimdinla ikki türlük ademlerni hörmet qilattim. Biri, yashqa mendin chonglarni, hetta qarshi terep mendin 2-3 yash chong bolsimu, eger peziletlik bolsila. Yene biri bilimlik, tirishchan we ishchan ademlerni, eger mes'uliyetchan bolsila. Ashu xususiyitimdin bolsa kérek aliy mektepke oquwatqan chéghimda, közümge chéliqip turidighan:

"Aliy mektepke öttüm, Jahan méning,
Qandaq yashisam yashaymen, erkim méning,
Qoqan baywechchisimu yetmes manga,
Ishimgha arilashma, néme karing séning?

Dégen mentiqe bilen he dése "moda qoghliship", özide yoq bolsa xeqning yaxshi kiyimlirini “hepte axiridiki olturushlar” üchün tilep kiyip, kochida gepni chong étip, yataqta "kesme chöp" ni kap étip, "astimda ishtan yoq, étim marjan büwi" dep "chellide at chapqandek,

UnRegistered

paypaqqa nale qaqqandek" ish qilip yürüydighan, he dése majang oynap, ata-anisi ewetken pulni qimarda utturup, utuwalsa Döngköwrükning tar kochilirini boylap nelergidu kétip qalidighan, bilip-bilmey patqaqlargha pétip qalidighan bezi yashlirimizgha epsuslinattim, az sandiki bezilerning özige we jem’iyetke tutqan mes’uliyetsizlikidin, chakiniliqidin seskinettim. Emma, könglige arzularni püküp özining istiqbali üchün, jümlidin, xelqining sapasi we abroyi üchün tirishidighan, ariyet qilidighan balilarni körsem, aktipliq bilen körüshüp, tonushattim, ulargha medet bérettim, shundaqla özümmu ulardin ilham alattim. 1990-yillarning bashlirida Uniwérsitétta oquwatqan ghayilik yashlar xéli bar idi, emma ashularning arisida pütün wujudi bilen ilimge bérilgen ikki yash (Nijat Imin - Biologiye penliri boyiche doktor, hazir Awistraliye döletlik Uniwérsitétta közge körün’gen tetqiqatchi bolup ishleydu we doktor aspirantlarni yétekleydu. Dilshat Héwizulla --Kompyutér penliri boyiche doktor, hazir En’giliyide xizmette, xelq’arada meshhur jurnallarda maqaliliri élan qilindi) diqqitimni tartti. Ular bilen tonushtum hem ularning xaraktéri, ish-izliri we ghayisi heqqide melum chüshenchige érishkendin kéyin ularni "ilim-pen'ge özini atighan, xelqimizning ümidlik oghlanliri iken" dep tonup, "ish-izlirini xelqimge tonushturush arqiliq yashlirimizni ilim-pen öginishke chaqiriq qilish burchum" bar qaridim. Netijide, ayrim-ayrim halda “Menggülük Yashliq” namida Ikki parche edebiy axbarat yézip chiqtim. Eserler- “Tarim” Jurnilida élan qilinip, jem’iyette yaxshi tesir peyda qilghan chéghi, eyni chaghdda bu eserlerge inkas qizghin boldi.

Buningdin men shundaq xulasige kelgen idim, shu chaghda:

Xelqimiz- özining munewwer perzentliridin söyünidu, ularni bilishni xalaydu we ulardin ümid kütidu. Yétiliwatqan yashlirimiz bolsa ashu munewwer yashlirimizni özige ülge qilip, ularning ish-izliridin righbet alidu, netijide jem’iyitimiz tedriji halda pen-téxnika arqiliq qudret tépish, tereqqi qilishtin ibaret toghra éqimni tallaydu. Shuning bilen riqabetlik bu dunyada kélechikimiz kapaletke ige bolidu.

Dunyada öz xelqingning sahibxani bolushtinmu artuq sherep we muqeddes burch bolmisa kérek. Shunga men eyni chaghdila öz -özümge wede bergen idim:

Meyli sen bürküt bol perwaz eyligen,
Ilim-pen kökide qaniting kérip.
Men sendin söyünüp pexirlinimen,
Namingni alemge dastan qilimen.

Meyli sen gül bolghin xush puraq chachqan,
Pezilet béghida reyhane bolup,
Men séning hidingni taratquzimen,
Töhpengni xelqimge anglatquzimen!

## Tilsimlar Dunyasida Nur Quchqan Alim(4)

UnRegistered

(Edebiy Axbarat)
Aptori: Qeyser Mijit




UnRegistered

(Dawami)

Ilim-penning wezipisi dunyani, shey'ilerni we hadisilerni chüshendürüsh, hemde uningdin érishken xulasini insaniyetning parawanliqi üchün tetbiqlash.

Mesilen, öpke raki néminshqa peyda bolidu? uni tamaka chékish keltürüp chiqardimu? tamaka chékish bilen öpke raki otturisidiki munasiwet zadi qandaq?

Mana bu - bir méditsina tetqiqatchisi qilidighan ish.

Néme üchün bezi ademler rak késellikige giriptar bolidu? uning sewebi Ximiyelik amillarning tesiridinmu we yaki Génning (Genetic) tesirdinmu?

Mana bu - bir dora tetqiqatchisi tetqiq qilidighan mesile.

Bashqa sharait özgermigen ehwal astida, bir galon gazning bahasi $1 ashurulsa, uninggha bolghan telep qanchilik töwenleydu?

Mana bu - bir iqtisadshunas tetqiq qilidighan mesile.

Jem'iyette küchlük tesr qozghighan, melum ehmiyetke ige weqe we hadisilerning arqa

körünüshini we yaki shexslerning tarixini, ish-izlirini bediiy yosunda bayan qilish arqiliq jem’iyette saghlam bolghan ijtimaiy muhit we aktip keypiyatning yaritilishigha az-tola hesse qoshush meqsidide izdinish –u bir edebiy axbaratchining wezipisi.

Men dora tetqiqat ilmi boyiche Uyghurlardin yétiship chiqqan xelq'araliq sewiyege ige bu alimning ösüp-yétilish tarixini bilmek hemde zadi qandaq amillarning uning'gha tesir qilghanliqini chüshenmek meqsitide izdinish leshkerlirimge buyruq berdim.

Seperni nedin bashlash kérek? Melum sahede netije qazan’ghan shexslerning muweppiyet tarixi adette ularning ösüp yétilishide mundaq 3 amilning tesirige uchraydighanliqini körsitidu:- Ailiwi muhit, Jem’iyet muhiti we Maarip terbiyisi.

Adem asasliqi mana mushularning tesiri astida özining kishilik pezilitini, xaraktérini we sundaqla shey'ilerge bolghan qiziqishini yétildüridu. Shundaq bolghanliqtin tebiiy halda men doktor Rishatning ailiwi muhitigha, uning kélip chiqish tarixigha qarap chiqtim.

Rishat Abbas -1960 yili awghustta Atushta tughulghan. Rishatning anisi öz yurtigha qaytip bérip boshan’ghandin kéyin, Abbas Burhan we Mariye Abliz, er-ayal ikkisi bowaq Rishatni élip Ürümchige yeni özliri xizmet qiliwatqan we yashawatqan sheherge yénip kelgen. Rishat shundin étibaren Ürümchide bir ziyali ailiside, Uyghur élidiki meshhur aliy maarip gülsheni bolghan Shinjiang Uniwérsitétida ösüp yétilgen. Uning dadisi--- Uyghurlardin chiqqan dangliq tebii penler alimi, penni omumlashturghuchi yazghuchi, penni omumlashturush ishliri boyiche bir ömür öz xelqighe harmay-talmay xizmet qilip kelgen we hélihem ilmiy xizmetlirni dawamlashturiwatqan Uyghur Aptonom Rayonluq pen-téxnika sahesidila emes, belki yene Junggo pen-téxnika dairisidimu chong tesiri bolghan, Uyghurlarning meshhur jamaet erbabi hörmetlik ustaz – Abbas Burhan ependidur.

Men Abbas Burhan ependining namini - Ulughchatta toluqsiz otturining 1-yillighida oquwatqinimda, Ismailjan Réhim isimlik Botanika oqutquchimizdin anglighan we kéyinche bu alim yazghan "Qushlar - insanlarning dosti", "Irsiyet we Irsiyet qurulushi" ... qatarliq kitablirini oqush pursitige érishken bolup, ösmür chaghlirimdin bashlapla bu zatqa chongqur hörmet tuyghusida bolghan idim. "Körginingdin köptur körmigining, körmigenni körersen ölmigining" dégendek, men Abbas Burhan ependini 1997-yili yaz mezgilide Ürümchide körüshke muyesser boldum. Tebiitidiki kichik péilliq, mulayimliq we méhribanliq hem heqiqi menidiki bir alimda bolushqa tégishlik adimiylik xisletliri mende chongqur tesir qaldurghini üchün mezkur axbaratta bu zat heqqide ikki éghiz toxtilip ötüshni toghra kördüm.

Abbas Burhan ependi -1932 yili öktebirde jahalet we nadanliq destidin qarangghuluqta qalghan Uyghur jem’iyitige, medeniyet we aqartish mesh’ilini yaqqan, Uyghur hazirqi zaman maaripi apiride bolghan, Uyghurlargha meshhur ana makan - Atush Shehirining Üstün Atush Yézisi Iksaq kentide bir meripetwer ailide dunyagha kelgen. Ailisi we etrapidiki muhitning tesiridin bolsa kérek, u kichikidinla ilimge hérismen bolup yétishken. Baliliq we yashliq mezgilliridin tartipla ejdadlirining iradisige warisliq qilip, pen-téxnika urughini öz xelqining qelbige chéchish, pen-medeniyet arqiliq xelqini aqartish, ularni ronaq tapquzushtin ibaret

UnRegistered

muqeddes istekni könglige pükken.

Abbas Burhan ependi 1956-yili Béyjing Pédagogika Uniwérsitétining Biologiye kespini püttürüp Ürümchide Uniwérsitétta uzun mezgil aqartish ishi bilen shughullandi. U meyli aliy bilim yurtlirida oqutquchiliq qilghan, fakultét mudiri bolghan we yaki uniwérsitét mudiri bolghan mezgilliride bolsun we yaki Aptonom Rayonluq Pen-téxnika Jemiyitining reisi bolghan waqtlirida bolsun, her waqit ilim-pen arqiliq öz xelqini ronaq tapquzushtin ibaret ulughwar idiye bilen bir tereptin ilmiy ijadiyet bilen shughullansa, yene bir tereptin öz idiyesini emeliyette körsitidighan dadil rehber boldi.

Abbas Burhan ependi -özining yérim esirlik ilmiy izdinish we pen tetqiqat xizmiti bilen shughullinish jeryanida her xil gézit jurnallarda 400 parchidin artuq penni maqalilerni élan qildi hemde 20 ge yéqin ilim-penni omumlashturushqa ait kitabni yézip chiqti. U yene pen-téxnika sepidiki rehberlik rolini ünümlük jari qildurup, Uyghur Aptonom Rayonida nisbeten sistémiliq we muntizim bolghan penni omumlashturush tüzülmisini qurup chiqishta layihiligüchi, teshebbuschi, bashchi we yétekchi hemde küchlük qollighuchi boldi. Bügünki künde Uyghur tilida neshir qiliniwatqan "Bilim-Küch", "Pen we Turmush" qatarliq penniy jurnallar mana bu hörmetlik ustazning biwasite ejrining méghizliridur. Undin bashqa u yene her xil emeliy qiyinchiliqlarni yéngip Uyghur élide tunji “pen-téxnikini omumlasturush neshriyatini öz qoli bilen qurup chiqti. ” Abbas Burhan ependining töhpisige layiq, jem’iyet uning'gha nurghun shan-shereplerni ata qildi. Nurghunlighan mukapatlargha érishkinini bu yerde sözlimeyla qoyay, 1986-yili Uyghur Aptonom Rayonluq hökümetning bergen "Pen-Téxnika Urughini chachquchi" dégen nam uning öz xelqighe qoshqan töhpisini mueyyenleshtüridighan eng muwapiq bahadur. Meripetperwer xelqimiz hem bu zatqa alahide hörmet bildürüshidur. Mesilen, Abbas Burhan ependi öyidin chiqip, sirtqa mangghanda mehellisidiki tijaretchiler, ashxana igiliri, özi kichik péil, xelq bilen bir septiki bu zatni hörmet bilen mundaq teklip qilishidighanliqini Abbas aka bilen parangliship kétiwatqan waqtimda bir nechche yerdin anglap heyran we qayil bolghan idim:

---Ependim, Qasqan'gha salghan mantilar piship qaldi, mantigha égiz tégip mangsila.

--- Ependim, taza qara qoyning göshide mezzilik qilip 5 zix kawap qoyup bérey, yewalsila.

Doktor Rishat Abbasning apisi - merhume Mariye Abliz xanim, Uyghurlarning hörlüki we bexti üchün bir ömür küresh qilghan, Üch wilayet inqilabining qeyser jengchisi we qabil teshkilligüchi, Uyghur xelqining pexirlik oghli Merhum Abliz Niyaz ependining qizi bolup, men bu yerde aldi bilen merhumening yatqan jayigha jennet tilesh bilen birlikte, Mariye xanim heqqide yeni mushundaq bir pexrlik oghlanni tughup we yétildürüp chiqqan ulugh ana heqqide ikki éghiz eslep ötüshni zörür dep qaraymen. Chünki bu dunyada yaxshi ish, yaxshi insanlar, hörmet we séghinish ichide eslinip tursa, hayat yashawatqanlarning yaxshiliq bilen yashap ötüshige ülge we türtke bolidu. Eski ish we rezillikler nepret ichide sözlinip tursa, hayat yashawatqanlargha nisbeten agahlandurush bolidu.

Merhume Mariye Abliz xanim - 1938 yili 18-martta Atushning Kattaylaq yézisida bir

UnRegistered

meripetwer we inqilabchi ailiside dunyagha kelgen bolup, 1950 - yillarda Uyghur Aptonom Rayonluq méditsina mektipide kilinikiliq dawalash kespide oqup oqush püttürüp, Uyghur Aliy maaripining közi bolghan Uniwérsitétta doxtur we bash doxtur bolup 40 yildin artuq janpidaliq bilen xizmet ishlidi. Pénsiyege chiqqandin kéyin hayatni qizghin söyidighan we ishchanliqning, tirishchanliqning insan'gha saadet élip kélidighinigha ishinidighan eqil-parasetlik bu söyümlük ana- Uyghur tatliq yémekliklirini towarlashturup bazargha sélishning mumkinchilikini we shu arqiliq ish kütüp turghan bezi xanim-qizlarni ishqa orunlashturup, Uyghur aililiridiki iqtisadiy qiyinchiliqlarni öz emgiki bilen yénikletkili bolidighanliqini tonup yétip Ürümchide tunji qétim Uyghur tort-yémekliri karxanisini qurdi we nurghun xanim-qizlarni bu sahede yétildürüp, Ürümchining köp orunlirida tatliq yémekliklerni pishurup sétish dukanlirini qurushqa yardemde boldi. Kéyinche u özining muweppeqiyetlirini Uyghurlarning bashqa sheherlirigimu kéngeytti, uning tejribisidin ilham alghan nurghunlighan xanimlar ashu xil igilik tiklesh yolidin méngip hem özining yashash sharaitini yaxshilidi hem bashqilargha sayisini chüshürüp, ulargha xizmetke orunlishish pursiti yaritip berdi. 5 yil ichide Mariye Abliz xanimning ejri bilen yaritilghan we tereqqi qilghan bu karxanichiliq kespi Uyghur élide omumliship, 30-40 etrapidiki sheher, nahiye, kent, bazarlarda bolup, 1000 gha yéqin pishurup sétish dukanliri qurulup, nechche minglighan Uyghur xanim-qizlirining ishsizliq we aile iqtisadi mesililiri hel boldi. Merhume Mariye xanim - Aqköngül, séxi hem yaxshi niyetlik insan bolup, hayat chéghida yardem qolini iqtisadiy qiyinchiliq tüpeyli azab tartiwatqan aghriq-silaqlargha we kembeghel, yétim-yisirlargha sunghanliqi üchün, 2004-yili 7-ayning 17-küni, Mariye xanim wapat bolghan küni, kishiler "Ürümchi asminidin bir xeyri-saxawet yultuzi öchti" dep hesret chékishti.

Rishat Abbas - Uyghur xelqining mana mushundaq bir jüp munewwer oghul-qizining perzenti.

Doktor Rishat Abbasning yétilip chiqishini dialéktik nuqtiinezer bilen közetkende, bu yerde tilgha élishqa tégishlik ikke seweb bar. Biri tashqi seweb, yene biri ichki seweb.

Rishat Abbas - özining ilim-pen'ge hérismenlikini, etrapidiki shey'ilerge bolghan qiziqishini, xaraktéridiki éghir-besiqliqni alim dadisidin örnek alghan bolsa, özining bashqilargha köngül bölüsh, mes'uliyetchanliq we dora tetqiqat ilmige bolghan qiziqishini –apisining doxtur ikenlikidek sewebning özining idrikini oyghitishidin dep qaraydu.

---Eqlimge kelsem, dep gep bashlidi u -- téxi yéqinda Boston'gha ilmiy muhakime yighinigha kelgen peytte, dadamning daim kitab we qeghez-qelem bilen hepiliship yürginini körettim, bizni oynatqili sirtqa élip chiqsimu, yekshenbe künlirimu,seherdimu-kechtimu, qachanla bolsa, azraq bosh waqti bolsila kitab köretti, hedep bir némileni yazatti. men kichik bolghachqa, "kitab digen zadi qandaq qiziq nersidu? dadam bunche ichige kirip ketkudek" dep oylayttim, hetta nechche ret dadamdin:

«Dada, séning bizge oxshash sirtta oynighing kelmemdu?» dep sorighinim ésimde. Dadamning chayni qiniq demliwélip, yéziqchiliq üstilide bir némilerni yazidighan qiyapiti hazirghiche köz aldimda. Oghul bala dadisini doraydu dep menmu bashlan'ghuch mektepning

UnRegistered

3 - yilliqidin bashlap dadamning yénida jim olturup gep-söz qilmay kitab körüp, öginish qilidighan adetni yétildürdüm.




## Tilsimlar Dunyasida Nur Quchqan Alim(5)

(Edebiy Axbarat)

Aptori: Qeyser Mijit

(Dawami)

Rishat Abbasning dora tetqiqat ilmige qiziqishigha munu ish seweb bolidu. U toluqsiz otturida oquwatqan künlerning biride Atushtin bir hammisi ularni yeqighach Ürümchige késel körsetkili kélidu. Mariye xanim tughqinini tekshürüp körgendin kéyin uninggha rétsip yazidu we uni okul hem dora bilen özi bir qolluq dawalaydu.

Künlerning ötüshi bilen, yéngi kelgende "u yérim aghridi, bu yérim aghridi" dep waysap, yérim texse leghmenni aran yeydighan bu momay birdinla waysashni toxtitidu, ishtihasi échilidu, rohimu kötürülüp, uning apisigha apirin oquydu. Bu ehwal - shunche waqittin béri apisining doxtur ikenlikini bilsimu, uningha anche éren qilmighan ösmür Rishatning diqqitini özige tartidu, shuning bilen uning kallisigha bir oy kiriwalidu. "Apam qandaqsige, bir aghriq tughqinini saqaytiwétidu? Dora bérip, okul urghanliqi üchün saqaytiwetti désem toghra bolarmu? Dora –okul dégen nerse zadi qandaq qilip késellerni saqaytidu? Buningdiki sir zadi nede?

Ishning tektige yetmigüche boldi qilmaydighan Rishat bir küni oylighanlirini apisidin soridi. Balisining sorighan soalidin uning bir nersige qiziqiwatqanliqini bayqighan sezgür ana, buningdin xush boldi, hem öydiki ademning fiziologiyelik tüzülüshini körsitidighan modilni uninggha korsutup chüshendürüsh bérip ötkendin kéyin, mundaq dédi:

---Ésingde tut balam, adem dawalashta mundaq ikki nerse muhim: melum késelning peyda bolushi sewebsiz bolmaydu, shunga késelning némilikige toghra diagnoz qoyush, yeni uning néme sewebtin kélip chiqqanliqini éniqlash- bu muhim ötkel. Sewebni éniqlap bolghandin kéyin uningha qarita muwapiq dawalash tedbirini belgilesh bumu oxshashla muhim. Chünki késelge bérilgen diagnoz chanchilik toghra bolmisun, eger uningha qarita toghra dawalash tedbiri, muhimi késelni tizginleydighan dora okullar bolmisa, yenila késelni azabtin qutquzghili, bimarning hayatini saqlap qalghili bolmaydu.

UnRegistered

Emdiletin etrapidiki ishlargha soal neziri bilen qarashqa bashlawatqan bu yash boghun’gha, apisi Mariye xanimning sözi nahayiti küchlük tesr qildi. Shu küni uning könglide ajayip oy xiyallar, suallar we tatliq chüshler tünek etti.

"Késelge toghra bérilgen dora késelni saqaytidiken. Bu néme üchün? Dunyada hemme késelni saqaytiwétidighan dora barmidur? Bolmisa uni yasisa bolmamdighandu? Zadi uni kishiler qandaq yasaydu? Eger bir künlerde men ashundaq bir dorini yasiwetsem-he! Munu aghriq destidin qiyniliwatqan ademler saqiyip saq ademlerdek échilip-yéyilip hayatning xowliqini körse? Shipaliq dorining bolmighanliqi tüpeyli, ata-anilar burun ölüp ketmise, balilirini baqsa, balilar yétim qalmisa, anilirining quchaqlirida, dadilirining müriliride méhr-muhebbetke qénip chong bolsa…hey, munu Semet aka ashqazan késili bilen yashla tügep ketti, eger uni saqaytqili bolidighan dora bolghan bolsa, Rustemmu bügünki künde bundaq meyüs yürmeytti...

U shu küni kichisi özini Jenubiy Taghqa hemme késelge shipa bolidighan xasiyetlik dora ösümlükini izdep seper qilip chüsh kördi we chüside mundaq ish kördi.

Mana u tagh qaptalliridin éship, qarighayzarliq arisida kétiwatidu, nelerdindur her xil qushlarning sayrashliri, kala-qoylarning möreshliri-mereshliri, igiz qoray tashlar arisidin sharqiratmining sadasi kéliwatidu. Uning pütün xiyali ashu hemmige qadir –xasiyetlik ösümlükni tépishta. Mange-mange, u axir cheksizlikke tutashqan yap-yéshilliqqa chiqip qaldi. U barmaqchi bolghan tagh abaya nahayiti yéqindila turghandek körün’gen idi, emdi u payansiz yéshilliqqa chiqip qarisa, héliqi tagh barghanche yiraqlap ketkendek tuyuldi. "Hejep uzun we japaliq yol ikena-bu?".

“Uh”, harduq yettimikin, u bir az közini iliwalmaq bolup özini chöplükke tashlidi -yu, emma Xizir süpet bir bowayning tuyuqsiz aldida peyda bolup özige méhriwanliq bilen qarap külüp turghinini kördi we ornidin chachrap turup bowaygha salam berdi:

--Salam bowa.

---Oghlum, bir chirayliq yürüpsen’ghu?

--Taghdin xasiyetlik dora ösümlükni izdep mangghan, mangsam-mangsam bu yol tüger emes, harduq yétip, bu yerde azraq aram alay dégen idim.

---U ösümlükni néme qilmaqchi iding? Boway soridi uningdin.

--- Dora yasap, késel ademlerni dawalap, ularning azayibini yéniklitey dep oylighan.

---Barikalla oghlum,-- dédi boway saqilini silap turup we:

---Mang balam, mang. Sepiringdin yanma. Niyiting ulugh, könglüng aq bala ikensen.

UnRegistered

Dunyada bashqilarning ghémini yéyish, bashqilarning bext-saaditi üchün özini béghishlashtinmu artuq ulugh niyet bolmaydu. Tengrim, her kishining niyitige yarisha uning risqini béridu. Könglüng aq, niyiting pak bolghini üchün sanga dua qilay:

--- Topa alsang altun bolsun, kül alsang kümüsh bolsun. Sepiring ongushluq bolsun, séni munu duldul tagh baghrigha yetküzüp qoysun, meqsidingge yetkeysen, amin!

Boway ikki qolini igiz kötürüp dua qildi we uni chapchip turghan aq boz atqa mindürüp, “chuh” dédi. Atning tagh baghrigha qarap oqtek étilishi bilen “way” dep warqirap salghan Rishatni akisi Nijat oyghatti.

---Ukam, ukam, néme boldung? Chiliq-chiliq ter bop kétispsen’ghu?

Uyghur xelq chöcheklirini apisidin pat-pat anglap turidighan ösmür Rishatning chüshige apisining “balam sanga chüshüngde ewliya yoluqputu, kelgüside katta bir adem bolghideksen” dep tebir bérishi bilen uningha bir xil ghayiwane küch kirgendek boldi.

Künler küldürüp, aylar aylinip, yillar yorghilap kétiwerdi, emma héliqi chüsh ta hazirghiche uninggha téxi bügün tang sabada körgendek yéngi we muqeddes tuyulidu.

Ene ashu muqeddes chüsh - Rishatning kéyinki kespiy hayati we kishilik turmushigha tesr körsitidighan qararlarni chiqirishida zor rol oynidi.

Rishat Abbas ösüp yétilip 1978-yiligha kelgende yeni u aliy mektepke imtihan bergen ashu yili, héch ikkilenmeyla Shinjiang Tébbiy Institutining dorigerlik kespini tallidi, chünki bala chaghlirida özige özi qoyghan soalgha jawab tépish, chüside körgenlirini réalliqqa aylandurush arzusi uning qelbide ottek yalqunjaytti we uni shu yönilishke qarap méngishqa ilhamlanduratti.

U- 80 yillirining bashlirida ela netije bilen dorigerlik kespini tamamlap, tébbiy institutta dora tetqitat xizmitini talliwaldi. Chünki u özining dorigerlik ilmining bosughisidin emdila qedem élip kirginini, bu sahede özi bilishke , öginishke tégishlik nurghun nersilerning barliqini tonup yetken idi.

Adette aliy mektepni püttürüp xizmetke chiqqan kishilerning köpi özlirini “ilim öginish jehette axirqi béketke yettuq” dep qarap, jahandarchiliqning koyigha chüshüp kétishidu. Rishat uning eksiche “méning öginidighan mezgilim emdi bashlandi” dep qaridi we özining aliy mektepte ishlesh pursitidin paydinilip, “Statistika”, “Analiz Ximiye”, “Dorigerlik Ilmi” we “Dorigerlik Ilmi üchün kespiy In’glizche” qatarliq derslerni tallap oqup özini kütüp turghan kélechektiki seper üchün "ozuq" teyyarlidi.

1983-Yili Fakultét rehberliki, özi zérek hem tirishchan bu ijtihatliq yashni Nenjing shehrige jaylashqan Junggo Dorigerlik Uniwérsitétigha bilim ashurushqa ewetti. Buning bilen uning öz arzusigha bolghan étiqadi téximu kücheydi. Xuddi hazirmu tonulghandek bu Uniwérsitét

UnRegistered

Junggoning dorigerlik sahesidiki aldinqi qatarda turidighan mektep bolup, yétishken alimlar, chet elde oqup kelgen doktorlar toplashqan meripet boshüki idi. Rishatning bu mektepke kilinikiliq dorilarni tetqiq qilish ilmi boyiche bilim ashurushqa ewetilishi-- uning kespiy bilimlerni puxtilishi üchün purset hazirlap béripla qalmay, belki yene uning kéyinki qedemni qeyerge we qandaq élishigha idiye we usul jehettin zémin hazirlap berdi. Bolupmu chet ellerde oqup qaytip kelgen proféssorlarning mol bilimliri we ularning chet eldiki ilmiy jurnallarda nechche parche maqale élan qilishi Rishatning dora tetqiqat ilmining xelq'aradiki tereqqiyatigha qiziqishigha türtke boldi. Proféssorlar bilen bolghan bir qétimliq söhbette, jasariti tepchip turghan, zéhni ötkür bu Uyghur yigitke bir muellim mundaq dégen idi:

--- Dora tetqiqat ilmida yéngi neziriye bek muhim bolupla qalmay, yene tejribe muhiti –maddi sharait we kespiy jehette uchur almashtrushmu nahayiti muhim. Iqtisadi tereqqi qilghan we pen-texnikida ilghar ellerde bu ikkila sharait yéterlik. Eger mushu sahede dawamliq bilim alay désingiz gherbtiki ellerge chiqip oqush kérek.

Rishat Nenjingdin “men choqum gherbtiki dora tetqiqat saheside aldinqi qatarda turidighan döletke chiqip oquymen” dégen niyet we irade bilen yénip keldi.

## Tilsimlar Dunyasida Nur Quchqan Alim(6)

(Edebiy Axbarat)

Aptori: Qeyser Mijit

UnRegistered




Resimde Dr. Rishat Abbas Proféssor Hayton bilen bille.

UnRegistered

(Dawami)

80-yillarning otturiliri—Junggoning islahat we ishikni échiwétish siyasiti Shénjén we Juxeyni merkez qilghan déngiz boyi rayonlirida emdiletin méwe bérishke bashlighan bolup, siyaset jehettiki ewzellik , we asta-asta singip kiriwatqan chet elning ilghar pen- téxhnikisi, meblighi we yéngi bashqurush usuli bu yerdiki kishilerning, turmush usulida, intilishide, oy-pikride özgirish peyda qiliwatqan chaghlar idi. Uning eksiche Uyghur Aptonom Rayonida téxi solchil idiyening tesiri tügimigen chaghlar bolup, kishilerning pen-téxnikida ilghar döletlerge chiqip oqush idiyisi éhtiyatchanliq ichide asta-asta oyghiniwatqan hemde Yaponiye we Gherbtiki ellerge yiligha bir nechchidin oqughuchi ilim izdep mang'ghili bashlighan chaghlar idi.

Arzulargha bay, kelgüsige ümid bilen qaraydighan yash Rishat –Nenjingde körgen-anglighanliri we dadisi bilen qilishqan söhbetlirige asasen axir mundaq xulasige keldi:

*Biz yashwatqan jem'iyet tereqqi qilishi üchün, her sahe pen téxnika xadimlirigha , ixtisas igilirige muhtaj, at beygisige kengri meydan kérek bolghandek, men kespimde netije*

*qazinimen deydikenmen, mangimu zörür bolghan shara'it kérek. Men choqum boshashmay tiriship bu shara'itni yaritishim kérek*.

Qaysi bir meshhur kishi shundaq dégen iken. “Bir adem üchün uning néme qilalishi emes, némilerni qilalmaydighanliqini bilishi -uning ishlarda muweppiyet qazinishining achquchi”.

Rishat del buning eksiche ozining nimini nahayiti yaxshi qilalaydighanlighini biletti we konilarning eytqan "qiyin ish yoq alemde, kongul qoyghan ademge" digen sozining heqiqet ikenligini yaxshi biletti. Shuning bilen ozining zihni-qudriti, hem igilmes iradisige tayinip osmur chaghliridin bashlap xiyal qilghan tilsimlar okyanigha ghewwas kebi shung'ghushqa teyyar bolup bolghan idi. Uning teppekkuri ochuq, nishani ayding idi, kozligen meqsidige yitish, yeni heqiqi ismi jismigha layiq alim bolush uchun, u – kunduluk turmushning tugimes suallirigha jawap birish bilen aware bolup yurmidi, belki kopinche waqtini we zehnini nishanigha yitish uchun zorur bolghan wastilerni igelleshke serp qildi. Uning 1984 –yili Universttining chonglar muarip institute En'gliz tili facultitigha oqushqa kirishi bilen kunduluk turmushini nahayiti jiddichilik bisiwaldi.

Bir ademge kündilik turmushta her xil ishlar uchrap turidu, ularning hemmisige oxshash étibar bilen qarap ketkili bolmaydu. Hem undaq qilishningmu zörüriyit yoq, shundaqla turmush emeliyiti hemme ademde özige xas mueyyen prinsipni, toghrisini éytqanda yashash pelsepisini yétildüridu. Jümlidin Rishatningmu özige chushluq hayat mentiqisi we yashash pelsepisi bar bolup, u özining yashashta emel qilidighan prinsiplirini xeli burunla yekünlep chiqti. U mundaq dep qaridi we shu mizan boyiche ish kördi:

*Ilim-pen ademni aqil qilidu, qet'iy irade ademni algha basturidu, qiyinchiliq we jap-musheqqet ademning iradisini tawlaydu, ter töküsh we tirishchanliq ademge bext-saadet élip kélidu. Undin bashqa nersilerning hemmisi hayatliqtin ibaret chembirekning sirtidiki muhim bolmighan nersiler.*

*...Kishilik hayatta her xil ishlar, mesililer we ziddiyetler bolidu, emma hemmisining ikki teripi bolidu. Yeni ularning asasi bolghan we asasi bolmighan terepliri bolidu. Men ziddiyetning asasi tereplirige choqum estayidil muamile qilimen emma asasi bolmighan tereplirige perwamu qilmaymen.*

Uning üchün eng asasliq mesile, özining ghayisini emelge ashurush yeni dora tetqiqat ilmi boyiche xelq'araliq sewiyege ige alim bolup chiqish idi.

Menziling éniq, éting teyyar bolghan iken, emdi menzilge yétish üchün étinggha qamcha sélishing kérek.

UnRegistered



Rishat 1987-yili In’gliz tili kespi boyiche chonglar maaripini püttürishi bilenla tunji balisi Zerine iyulda dunyagha köz achti. Yéngi bir hayatliqning dunyagha kélishi uninggha cheksiz xushalliq élip keldi. U kichikkine omaq qizini atiliq méhri bilen söygende---perzentining kelgüsi üchün bolsimu tirishish lazimliqini hés qilip rohlinip kétetti. Shuning bilen Rishat chet eldiki mektepler bilen alaqe qilishqa bashlidi hem shu yili 8-ayda Teklimakan qoynidin chiqip,Yéngi Zélandiyege bir yilliq bilim ashurushqa mangdi. Shu jeryanda In’gliz tili asasini téximu mustehkemlep, chet el uniwérsitétlirigha oqushtiki til ötkelliridin ötüp, téximu chongqur bilim élishqa hazirlandi. U 1989 -yili Washin’gton Shitatliq Uniwérsitéti dora tetqiqat institutining dorigerlik/zehershunasliq fakultétigha magistér asprantliqqa toluq oqush mukapati élip oqushqa kirdi we oqushqa kirip bir yil ötmeyla, bu fakultétning nopuzluq hemde dora tetqiqat saheside mol netijisi bar Proféssor Haytonning diqqitini özige tartti. Proféssor Hayton Rishattiki talantni, dora tetqiqat ilmige bolghan özini béghishlash rohini bayqap bir küni uni chaqirtip mundaq didi:

--Méni Ohio Shitatliq Uniwérsitét dora tetqiqat fakultétiqa mudirliqqa teklip qildi. Men sizde dora tetqiqat saheside az uchraydighan bir xil talantning bixini kördüm. Mubada doktorluqta oqusingiz, ishinimenki kelgüside u sahede közge körün’gen alim bolalaysiz, eger xalisingiz men bilen ashu uniwérsitétke bérip doktorluqni méning yétekchilikimde ashu yerde oqusingiz...

Rishat bu teklipni xushalliq bilen qobul qildi.

1990 – yili Awghustning axiri, tebiet tawuslardek yasan'ghan bir peytte, Amérika Qoshma Shitatlirining otturisigha jaylashqan zéminliri bipayan ketken Ohio Shitati- Qoyuq qashliq, közliridin zérekliki, qet’iliki we turqidin temkinliki chiqip turghan bir Uyghur yash we uning ailisni öz qoynigha aldi.

Bu güzel shitatning merkizi Kolumbus shehiri- memliket boyiche 15-chong sheher bolup, nurghun aliy mekteplerni öz qoynigha alghan idi. Rishat oqumaqchi bolghan mektep- Amérikidiki meshhur aliy maarip böshükliridin biri bolghan Ohio ishtatliq Uniwérsitét del mushu sheherdin orun alghan bolup, bu uniwérsitét-mushu shitat boyiche birinchi, memliket boyiche aldinqi qatardiki meshhur aliy mekteplerning biri idi.

Mana mushu aliy bilim yurtida Rishat Abbas – dora tetqiqat ilmi boyiche doktorluq oqushni bashliwetti.

Dora tetqiqat ilmi - Méditsina ilmining bir türi bolup, u asasliqi dorilarning bedendiki herikitini yeni dorilarning shipaliq yaki zeherlik tesirini éniqlash hemde yéngi dorilarni bayqash - shundaqla alliqachan dawalashta ishlitiliwatqan dorilarning bashqa késellikerge

UnRegistered

ishlitilishining mumkinchiliki bar-yoqlughini tetqiq qilidighan ilim, yeni téximu inchikilep chüshendürgende, u késellerni dawalash üchün ishlitilidighan ximiyelik maddilarning janliqlarda yeni hayatliq organzmida qandaq özgirish peyda qilidighanliqini tetqiq qilidighan ilim bolup, uning asasini eng deslepte "Islam dinininig altun dewri" dep atalghan 7-esirde  bügünki Baghdadta yashighan Ereb tiwipliri salghan dep qarilidu. Emma uning resmiy pen bolup shekillinishi 19-esirning otturlirida dorilarning tesirini  haywanlarning bedinide sinaq qilish bilen bashlan'ghan.

Bügünki künde dora tetqiqat alimliri dorilarning heriket méxanzimigha alahide köngül bölidighan bolup ular melum dora heqqide mueyyen xulasige kélishte, dorishunasliq, fiziologiye , késelshunasliq, bioximiye, fizikiliq-ximiye, we baktériye ilmidiki prinsiplargha asaslinip, statistikiliq we matématikiliq usullarni qollinip yekün chiqiridu. Démek, bu pende wayigha yétish üchün , ögen'güchi köp tereplimilik chongqur bilimlerge ige bolupla qalmay, muhimi ögen'genlirini emeliyetke tedbiqlap yéngi dorilarni tetqiq qilip yasap chiqip we uni kilinikiliq sinaqtin ötküzüp, bimarlarning azabini yenggillitip, ularning hayatining süpitini yuqiri kötürüshte emeliy hesse qoshidighan bolushi kérek.

Bala chaghlirida "dora qandaq adem saqaytalaydu?" dep özige soal qoyup shu soallarning keynidin ikki qerne iz qoghlap kelgen Rishat  - bu payansiz tilsimlar dunyasida dorilar bilen adem bedinining munasiwitini  tetqiq qilidighan tarmaq pen - dorigerlik ilmige alahide qiziqti.

Insan bir nersini bilgenséri,  uni téximu yaxhsi  bilish üchün uningha alaqidar nersilerni, bilim we téxnikilarni chongqur we keng dairide chüshinishni arzu qilidu yaki shundaq qilish--insan bésip ötüshke tégishlik ötkel bop qalidu.

Dora tetqiqat ilmini yaxshi igilesh üchün Rishat Abbas,  Pharmakinetikini yeni bedenning dorigha nisbeten inkasi yeni asasliqi beden'ge istémal qilin'ghan dorilarning qobul qilinishi , tarqilishi, hezim qilinishi we siqip chiqirilishining waqt jehettiki jeryanini közitidighan we tetqiq qilidighan ilim bilen Pharmodynamikini  yeni dorining beden'ge qandaq tesr qilidighinini tetqiq qilidighan penni puxta igileshning zörürligini tonup yetti. Chünki bu  ikkisi –dora tetqiqat ilmining asasi gewdisini teshkil qilidu. Misal üchün,  "Shipa" namliq yéngidin ijad qilin'ghan dora bar deyli, bu yéngi dora téridin beden'ge kirgüzülemdu yaki éghizdinmu, u bedendiki organizmlargha qandaq yetküzülüdu, bu dora beden ichide ximiyilik halda özgiremdu yaki özgerse qandaq maddigha özgiridu? bu yéngi maddilar bedende aktipmu? ularning zeherlik tesiri bolushi mumkinmu? bu maddilar- axirqi hésabta qandaq usul bilen bedendin ayrilip, beden sirtigha chiqirip tashlinidu? nepes arqiliqmu, chong yaki kichik teret arqiliqmu dégendek mesililer dora tetqiqati bilen shughulan'ghuchi choqum jawab bérishi kérek bolghan mesilidur.

Mesililerge yaxhsi jawab bérish, yaki hadisilerni qayil qilarliq chüshendürüsh üchün, kishi tayinidighan bir ilmiy usul bolushi kérek. Dora tetqiqat ilmide yuqiriqi suallargha jawab bérishte adette tejribichilik usuli qollinilidighan bolup, bu usulning özi melum xewp-xeter bilen baghlan’ghan. Chünki yaxshi meqset bilen qilin’ghan tejribe bolupmu ademde

UnRegistered

ishlinidighan tejribe bezide kütmigen xeterlik hadisini keltürüp chiqirishi mumkin. Shunga, bu tetqiqatchilardin sezgürlükni, éhtiyatchanliqni telep qilidu, seweb shuki, beden’ge sinaq teriqiside kirgüzülgen dora köpinche halda ikki xil netijini peyda qilidu. Biri késelni tizginleydu, saqaytidu, yaki zaghra til boyiche éytqanda késelge payda qilidu. yene biri uning zeherlik tesiri yeni ziyanliq bolup xuddi "chapiqini alimen dep qarighu qilip" qoyghandek  oylimighan selbi netijini keltürüp chiqirishimu mumkin.

Dunyada insanning hayat-mamatliqigha biwasite bérip taqishidighan tetqiqattinmu artuq inchike, sezgür we murekkep tetqiqat bolmisa kérek. Yéngi dorilarni sinaq qilip  échishta tetqiqatchi bashqa ilmiy tetqiqatchilardek meghlubiyettin öginidighan (*trial and error*) taki qanaetlengudek jawabqa érishkiche sinaq qilip, xataliqtin öginidighan purset yoq. Sen bu sahede choqum birinchi pay oqni nishan'gha tegküzidighan usta mergen bolushung kérek. Shunga ademge qilinidighan sinaqnning toghriliq derijisini ashurush üchün awal uni janliqlar bedinide sinaq qilish bu dora tetqiqatida choqum bésip ötüshke tégishlik yoldur.

Özi qiliwatqan ishning mahiyitini tonup yetken Rishat --doktorluq programmisidiki telep qilin’ghan derslerni oqup we doktorluq layaqetlik imtihanliridin ötüp bolghandin kéyin, tetqiqat témisini béliqlarning ténide sinaq qilish bilen bashlidi.

Kishilerge ayanki, Yéza igilikide ziyandash hasharet we janliqlarni yoqitishta ximiyelik dora ishlitilidu.  Bu ximiyelik dorini yasashta ishlitilidighan *Parathion* özi zeherlik madda bolup, uning bilen uchrashqan herqandaq janliq meyli haywan bolsun yaki adem bolsun zeherlinip, éghir bolghanda ölüshni keltürüp chiqiridu. Sewebi *Parathion Acetylcholinseterase* ni chekleydu.  *Acetylcholinesterase* bir xil enzyme (*enzyme* --özining sheklini özgertmestin bashqa maddilarda melum xil ximiyelik özgirish peyda qilalaydighan murekkep bolghan bir xil aqsildur) bolup, u  uchurlarning janliqlarning ménge hüjeyriliri ichide toshulushi we bir terep qilishigha zörür bolghan mingidiki *Acetrylchline* dep atilidighan bir xil ximiyelik maddini parchilaydu.

Béliq suda yashaydu. Mubada béliq yashaydighan suning muhiti bulghan'ghan bolsa, uning béliqlargha tesiri bolidu. Bezi béliqlar zeherlen'gen haman ölidu, uni ademler yémeydu, biraq, bezi béliqlar zeherlik maddigha nisbeten ténide qarshiliq küch peyda qilidighan bolup, zeherlen'gen teqdirdimu ölmeydu, belki saghlam béliqlardek suda piltinglap yashawéridu. Bundaq béliqlarning ténide zeherlik maddining barliqini bilmigendin kéyin kishiler ularni tutup yewéridu, netijide yénik bolghanda mejruh bolush, éghir bolghanda ölüm-yétim weqeliri kélip chiqidu. Shunga béliqlardiki zeher maddisigha asasen  su we tebii muhitning bulghinishning xetirini mölcherlesh emeliy ijimai we iqtisadiy qimmetke ige.

Rishat Abbas mana mushu seweb(*Parathion*)-netijilik (Zeherlinish) munasiwetni chüshinish üchün bashqilarning bu heqtiki tetqiqat maqalilirini intayin estayidilliq bilen soal qoyup turup oqudi, mutaile qildi. Béliqlarning téning *Parathion* gha bolghan inkasi we uning almashturush shekli bolghan *Paraxon* ning *Acetylcholinseteras* ni tizginlesh méxanizmini sistémiliq halda tetqiq qilish unche asan'gha chüshmidi. Chünki, Rishat bu heqte özi otturigha

UnRegistered

qoyghan ilmiy perezning emeliyet bilen birdek yaki emeslikini dellilleshte nezeriyiwi asasi mukemmel bolghan model tüzüshning zörürlügini his qilipla qalmay, belki bu modelning özi otturigha qoyghan ilmiy perezni toghra chüshendürüp béreleydighanliqini dellilleydighan sanliq melumatlarni körsitip bérishi kéreklikinimu tonup yetti.

Uning kishilik xaraktéridiki ésil süpetlerning biri - özi közi yetken hemde qilishi zörür bolghan ishqa dadilliq bilen özini untughan halda béghishlash rohi idi.

U menzilge qarap atlandi.

Ilmiy tetqiqat - Japaliq ish. U kino körüshke we yaki roman oqushqa tüptin oxshimaydu. adette kishilerge nisbeten aldinqisi zerikishlik, kéyinkisi qiziqarliq tuyulidu. Emma qet'iy iradige kelgen alim üchün éytqanda, bu ikkisining perqi yoq.

Ohiogha küz keldi, yapraqlar sarghaydi, emma Rishat - tilsimlar dunyasida izdiniwatqan her bir künini yüksek derijidiki özini untush rohi we tolup tashqan ümidwarliq bilen bahar tuyghusi ichide ötküzetti.

Ohiogha qish keldi, judun boldi, biraq uning qelbi muqeddes arzu we küchlük étiqadning hararitide haman aldigha, parlaq kélechekke qarap telpünetti.

"Men-dep oylaytti u her qétim tejribixanidin öyge qaytiwétip, - okyan atlap, qit'e atlap ilim öginimen dep bu yerge keldim. Uyghurlarning ichide tunji bolup bu sahede doktorluq unwani üchün oquwatimen. Eger bu ishta ela netije yaratsam xelqimge shan-sherep élip kéleleymen.

Qiliwatqan tetqiqati bioximiye we fiziologiye qatarliq penlerge chétishliq bolghanliqi hemde, aliy matématika, bolupmu différénsial tenglimilerni tüzüsh zörür bolghini üchün, u mektep kitabxanisidin bu heqte nurghun kitablarni, ilmiy jurnallarni ariyet aldi, bezi kitablar gerche qimmet bolsimu, doktorluq oqush mukapat pulidin iqtisad qilip turup sétiwaldi. Kompyutér programmisi tüzüshke éhtiyaji chüshidighinini bilip, pilan tüzüp, künde bir saet izchil halda FORTRAN tilini öginishke bashlidi. Uning ishxanisi we tejribixanisi kitablar bilen toshup ketti. Kitap üstelliri u yazghan différénsial tenglimiler, sizghan fiziologiyelik modéllar we ximiyelik tenglimiler we formulalar bilen toldi. Hetta uning ashxana öyidiki tamaq üstili, tonglatquning sirtqi yüzlirimu bosh qalmidi.

U heqiqeten bu tetqiqatqa ashiq siyaqi bérilgen idi.

U aldi bilen béliqlarning fiziologiyelik qurulmisi asasida béliqlar ténining *Paraxon* gha bolghan tesirini chüshendürüp béridighan Pharmakokinetikiliq modélni nezeriyiwi jehettin tüzüp chiqti, andin ikkinchi qedemde *Paraoxon*ning *Acetylcholinsterase* ni tizginlesh méxanizmini chüshendüridighan Pharmadynamikiliq modélni nezeriyiwi jehettin tüzüp chiqti. Axirida yuqiridki ikki modélni birleshtürüsh arqiliq modéllar perez qilghan shertler astida béliqlar téni bilen *Parathion*ning qandaq munasiwette bolidighanliqi heqqide omumiyliqqa ige fiziologiyelik

qurulma asasidiki Pharmakokinetikiliq we Pharmakodyanmikiliq modélni (*Qisqartilip PBPK-PD model dep atilidu*) berpa qildi. Emdi u Oxshatma tejribisi arqiliq bu modélning özi otturigha qoyghan ilmiy nezeriye bilen birdeklikke ige yaki emeslikini delillishi kérek idi.

Mana bu qol tutidighan ish idi. Shuning bilen u emeliy tejribige  köp waqt serp qildi.

U chüshlük tamaq üchün öyge qaytmaytti, etigen seherdin ta kechkiche tejribixanida, béliq kölchikining yénida, Kompyutérning aldida olturatti. Öginetti, yazatti, béliqlarning Parathion bilen uchrishishining aldi-keynidiki ehwalida özgirishini közitetti, tejribe netijisini xatirileytti,  ölcheytti, hésablaytti. Uning balisi "dadam qachan kélidu" dep apisidin tola sorap uxlap qalidighan boldi. Ayali özi ta mushu kemgiche uningda körüp baqmighan bu xil yüksek derijidiki tetqiqatqa özini béghishlash rohidin hem tesirlendi hem saqilini qirishni héchqachan untup qalmaydighan Rishatning yéqindin buyan pat-pat saqilini élishni untup qélishlirigha qarap uning salametlikidin ensirep sarasimige chüshti, shuning bilen u qizini élip Rishatning tamiqini toshughach uni yoqlap kélidighan boldi.

---Rishat,-- dédi u bir küni meyus halda , uning tamaqni téz-téz yéyishige we  uzun mezgillik zichliqi zor bolghan eqliy emgek tüpeylidini oruqlap poltiyip chiqip qalghan jawghaylirigha qarap ensiresh ichide.-- bunche özingizni urup kétishning néme hajiti, beribir alidighan unwanni alsingizla bolidughu? bundaq qiliwersingiz, aghrip yétip qalsingiz qandaq qilimiz, xeqning yurti tursa bu.

-Aghrip qalmaymen, ensirime. Bügün ishni yaxshi qilsam, ete netijisidin köngüllük hozurlinimen. Ilimge saxtiliq yarashmaydu. Bir nersini qilghan ikenmen uni rawurus yaxshi qilishim kérek. Azraq texr qil. Xudayim buyrisa az qaldi netije chiqqili, --dédi u ishench bilen.

Qish kétip, tonglar érip, tebiet yeshil ton kiyishke bashlighan mezgilning yeni U doktorluq oqushning -axirqi yili bahar peslining bir künige kelgende derweqe uning ishidin netije körüldi. Yeni u érishken ilmiy tejribe "mehsulati" yeni sanliq melumatlar u tüzgen nezeriyiwi modélning emeliyetke uyghun ikenlikini delillidi.

Uning shu qeder chongqur derijide dora tetqiqat sahesige özini béghishlash rohi, zéhnining ötkürlüki we tirishchan, estayildilliqidin tesirlen'gen  Proféssor Hayton uning teripini fakultéttiki oqutquchi -oqughuchilarga bir nechche qétim qilip berdi. Uni deslepte ismige qarap "Ereb Yaki Pars" dep oylap qalghan kishiler emdi uning eyni zamanisida bipayan Tarim wadisidin  tartip Mongghul dalalirighiche bolghan dairide impériye qurghan, özining güllen’gen zamanisida dunyagha meshhur qedimiy xelq'araliq soda yoli -yipek yolini kontrol qilghan, emma hazir  kishiler asasen bilmeydighan "Uyghur" namliq qedimiy milletning ezasi ikenlikini  bilishti. Shuning bilen Rishat arqiliq beziler Uyghurlar heqqide melum chüshenchige érishti. Ular ichide "Uyghurlar" heqqide eng köp melumatqa ige bolghini yenila Proféssor Hayton boldi. U uzun yilliq oqutush hayatida Rishattek hem talanti hem iradisi bar oqughuchini köp uchritip baqmighan idi. Shundaq bolghachqimikin U Rishatqa qayilliq nezeri bilen alahide qaraytti we hörmet qilatti hemde Uni ailisi bilen öyige chaqirip turatti. Uyghurlar toghrisida suallarni sorap turatti. Uning méhmanxana öyige ésilghan Uyghurche chimen

UnRegistered

doppini uning Uyghurlargha bolghan qiziqishidin ésip qoydi dégendin köre Rishat kélip chiqqan bir milletning ijadiyet qudritige nisbeten hörmet we héssiyattin asti dések xatalashqan bolmaymiz.

Rishat Doktorluq dissértatsiyesini ghelibilik yaqlap, oqushni tamamlighanda Proféssor Hayton uning dissértatsiyesige mundaq dep yuqiri baha berdi:

*Rishatning özige xas halda ijadiy tepekkur qilip, tüzüp chiqqan omumiyüzlük we méxanikiliq xaraktérge ige PBPK-PD modéli - ximiyelik maddilarning janliqlar bedinige hezim qilinishi, teqsimlinishi, almashturulushi we siqip chiqirilishidek ximiyelik heriket méxanizmini chüshinishte tunji qétim ishlitilgen modél bolup, uning janliqlarning fiziologoyelik qurulmisi asasida tüzülüshi bizni bösüsh xaraktérlik yéngi tepekkur we bayqash bilen teminlidi. Uning bu ilmiy tetqiqat jeryanidiki tejribe muhitini lahiyelesh, tejribe qilish we sanliq melumatlarni toplash, hem analiz qilish usullirining ilmiylikini hem özgichilikini alahide maxtashqa erziydu.*

Shuni alahide we xushalliq bilen körsitip ötüsh lazimki, Rishat bir nechche yilliq öginish, ijtihat we tepekkur qilish jeryanida tüzüp chiqqangha oxshash modéllar we shundaq modél arqiliq élip barghan tetqiqatlar yéqinqi bir nechche yildin buyan Amérika Döletlik Dora Bashqurush Idarisi teripidin ölchemlik modéllar süpitide qobul qilinip, shundin bashlap dora tetqiqat qilish we wujutqa keltürüsh saheside her kim choqum qollinishqa tégishlik modéllash téxnikisi bolup belgilendi.

Proféssor Hayton - shu yili oqush püttürgen bashqa oqughuchilar bilen "xosh emise, utuq tileymen" dep xoshlashti-yu emma Rishat bilen xoshlashmidi belki uni özi izdep keldi.

-- Rishat --dédi u , men sizni téximu müshkül bolghan bir tetqiqatni ishleshke dewet qilimen. Amérika Hawa Armiyesi méningdin mushu tetqiqatning höddisidin chiqalaydighan bir ademni özige körsitip bérishimni soridi. Men sizni buning höddisidin chiqalaydu dep ishinimen, siz u yerge barsingiz bir tereptin shu tetqiqatqa postdoktor süpiti bilen ishleysiz, tetqiqatni ongushluq we netijilik tamamlap bolghandin kéyin, istiqbalingiz téximu parlaq bolidu. Siz buninggha qandaq qaraysizkin?

Shu künlerde u yéni gherbiy qirghaq, bu yéni sherqiy qirghaqtiki shitatlargha jaylashqan dora tetqiqat merkezliridin 5-6 isi uni xizmetke élishni oylishiwatqan bolup, u qaysisini tallashta bir qarargha kélelmey turghan mezgil idi. Proféssor Haytonning birinchi meslihetini qobul körüp, öz arzusidek netijige érishken Rishat , bu qétimmu uning teklipini xushalliq bilen qobul qildi.

## Tilsimlar Dunyasida Nur Quchqan Alim (7)

(Edebiy Axbarat)

UnRegistered




Aptori: Qeyser Mijit

(Dawami)

1994 - yili séntebirde, u ailisi bilen Kolumbus shehiridin Amérika Dölet Mudapie Ministirliki Hawa Armiye Bazisi jaylashqan orun - Dayton Shehirige köchüp keldi.

Rishat Abbas bu Amérika Hawa Armiyesining eng chong tetqiqat orni bolghan Armstrong tejribixanisining zeherlik maddilar bölümide postdoktor salahiyiti bilen tetqiqatqa kirishti hemde 8 kishilik Hawa Armiyesining téxnik xadimliridin teshkil tapqan tetqiqat guruppisining bashliqi bolup teyinlendi.

Bu qétim uning layihilishi we yétekchilikide ishlenmekchi bolghan tetqiqat témisi mundaq sualgha jawab tépish idi:

Trichloroethylene (TCE) bir xil suyuqluq bolup, u Hawa Armiyiside ayropilanlarni yuyushta köp ishlitiletti. Emma bundaq qilishqa nisbeten Hawa Armiye saqliqni saqlash we muhitni asrash tarmiqidikiler narazi idi. Chünki ular "TCE ni köp ishletkende, bu suyuqluq ayropilan yuyidighan xadimlarni zeherlepla qalmastin belki yene tupraqqa singip, yer asti arqiliq ichidighan suni bulghap shu rayondiki hemme ademning salametlikige tehdit élip kélidu, eger tedbir qollinilmisa buning éghir halda iqtisadiy we ijtimaiy aqiwiti we qanuni jawabkarliqi bolidu" dep qarap endishe qilishiwatqan idi.

Démek, bu xil qarashning toghra yaki emeslikini jiddi halda ispatlap chiqish zörür bolup, mubada TCE ning ziyanliq tesiri heqiqeten zor bolsa, bu heqte mudapie xaraktérlik tedbir qollinish lazim bolupla qalmay, belki hemmidin bash qaturidighini shu rayonning tebii muhitigha nisbeten tazilash élip bérishi, buning üchün Hawa Armiyesi nechche yüz milyon dollar pul hejlishi kérek idi. Eger TCE ni ishlitishning héchqandaq xetiri bolmisa yaki bolghan teqdirdimu nezerge ilmighudek bolsa TCE ni ishlitishke qarshi chiqqanlarni ilmiy pakit bilen qayil qilghili bolatti.

Hawa Armiye Qomandanliq Shitabidin Zehershunasliq bölümige buyruq keldi:

*Tetqiqat netijisini choqum 30 ay ichide yollap bolush shert!.*

Unregistered

Rishat özining zémmisige chüshken yükning éghirliqini, zeherlik maddilar Bölümining bashliqi – Général léytnant Fisherning tetqiqatni bashlash aldidiki jiddichilik chiqip turghan chirayidin bildi. U tebii halda Rishatqa yüzlendi:

--Siz bash bolup élip bérilmaqchi bolghan bu tetqiqat témisi meyli muhit, kishilerning salametliki jehettin bolsun we yaki iqtisadiy jehettin bolsun biz üchün intayin muhim. Biz sizning waqit chéki bolghan bu ishni ghelibilik halda dégen möhlette tamamlishingizni ümid qilimiz.

--Barliq tirishchanliqimni körsitimen -- dédi u Généralgha jawaben.

U yene japaliq tetqiqatni bashlidi.

Rishat doktorluq dissértatsiyisi üchün tetqiqat élip barghanda eqliy we jismaniy jehettin qandaq tirishchanliq körsetken bolsa, bu qétimmu shundaq ghayet zor tirishchanliq körsetti. Lékin bu qétimqi tejribe haywanlardila emes, belki yene ademlerdimu élip bérilidighan bolup, sezgürlük derijisi yuqiri bolghanliqi üchün, éhtiyat qilishqa toghra kéletti. Bu uninggha rohiy bésim élip keldi. Chünki bu téminining bash tetqiqatchisi bolush süpiti bilen, pütün tejirbe paaliyetliri uning dégini boyiche bolatti, shundaqla, mubada tetqiqatta mesile körülse, yeni tejribige ixtiyariy qatnashqan obyéktning bireride salametlik jehette chataq chiqip qalsa, uning üstige kélidighan mes’ uliyetmu yuqiri bolatti.

Gerche bésim his qilsimu, Rishat bu heqte  ghem yep dekke-dükkide bolup ketmidi, chünki bundaq qilish -uning xaraktérige yat idi. U bu ishning inchike we estayidilliqni telep qilidighinini, talash-tartish üstidiki mesilini éniqlap chiqish üchün hemmidin muhimi ilmiy perez we bir yürüsh ünümlük tetqiqat métodi kérek ikenlikini nahayiti tézla tonup yetti.

U wezipe tapshurulghan kündin étibaren, japa-musheqqetlik izdinishler basquchida yene nurghun künler, heptiler, aylarni ötküzdi.  Bashqilar aililiri bilen sayahetlerge chiqsa, u tejribixanida tejribe ishleytti. Bashqilar hepte axirliri dost-aghiniliri bilen olturush kéchilikliride hozurlansa, Rishat kitab köretti, izdinetti, oylinatti.  Bashqilar kino körgen, bazar aylan’ ghan waqtlarda Rishat kitabxana-kutupxanilarda matériyal köretti….téxi 6 ayghimu toshmighan oghli Telman’ gha qaraydighan, oynitidighan, yaki oghlining tatliq qiliqliridin lezzetlinidighan’ ghimu waqti yoq idi.  “Méhnetsiz hozur bolmas, tökken ter bikargha ketmes” dégendek, ene shundaq tirishchanliq körsitish netijiside axiri bu tetqiqatni qandaq ishlep netije yaritishning asasini izdep tapti..


Derheqiqet, Proféssor Hayton Rishatni bu yerge bilip körsetken iken. Deslepki izdinishlerdin kéyin Rishat shuni körüp yettiki, bu tetqiqatni ishleshte adem bedinining fiziologiyilik qurulmisi asasida Pharmakokinétikiliq modélni tüzüp chiqqanda, adem bedinining TCE qarita inkasini nahayiti yaxshi chüshen'gili we mesilining tügünini yeshkili bolidiken.

UnRegistered

8 ademning jiddi hem japaliq ishlishi netijiside esli 30 ay ichide püttürülüp bolush möhliti bérilgen bu téma 20 ay ichidila tamam boldi. Tetqiqat netijisi körsettiki, Hawa armiyiside ishlitilidighan suyuqluq TCE ning adem bedinige we muhitqa bolghan ziyanliq roli erzimes iken.

U bu tetqiqat netijisini 3 parche maqale qilip yézip chiqip, "Zehershunasliq we Emeliy ishlitilidghan Dorigerlik", “Zehershunasliq” qatarliq Jurnallarda élan qilip jamaetchilik bilen yüz körüshtürdi.

Goya uning shunche uzun yillardin buyan chekken riyazetlirini, tökken terini samawi exterler körüp "ejringge layiq iltipat körüshung lazim" dégendek, bu tetqiqatning zor netijisi uninggha arqa -arqidin shan-shereplerni élip keldi. 1996 -yili Mayda Amérika Dölet Mudapie ministirliki Hawa Armiyisi qomandanliq shtabi teripidin "Pen-Téxnika muweppeqiyet mukapatigha" we 1996 -yili noyabirda "Ilmiy muweppiqiyetler mukapati"gha érishti. Rishat Abbasning bu tetqiqat netijisi toghrisida yazghan ilmiy maqalisi 1999 yili "Zehershunasliq ilmi jem’ iyiti " teripidin, "Xéymxeterni mölcherlesh sahesidiki eng yaxshi eser bolup bahalandi.




## Tilsimlar Dunyasida Nur Quchqan Alim (8)

(Edebiy Axbarat)

Aptori: Qeyser Mijit

(Dawami)

Amet kelse qosh keptu déyishken iken konilar.

Rishat Abbasning japaliq tetqiqat arqisida qolghan keltürgen zor netijiliri uninggha qut yaghdurdi. Adette, kishiler köngüldikidek xizmetke érishish üchün köp ejir singdürüshidu. Yeni melum orunda özining kespige mas kélidighan sharait barmu yoq, bar bolsa u xizmetni élish üchün qandaq qilish kérek, néme shertlerni hazirlash kérek dégendek. Lékin Rishatqa undaq qilishning zörüriyiti qalmidi. Chong dora tetqiqat organliri, zor iqtisadiy asasqa ige yershari xaraktérlik tesirge ige dangliq shirketler uni qizghinliq bilen xizmetke teklip qilishti. Ularning Rishatqa bermekchi bolghan maash we bashqa teminatliri bir-biridin qélishmighudek derijide yaxshi idi.

Unregistered

Iqtisadshunasliq yene bir menidin éytqanda ademlerning heriket-qilmishlirini tetqiq qilidighan pen bolup, uningdiki bir ilmiy perez ---Idrakliq ademge köp xil tallash pursiti bérilgende, U elwette özini eng xosh qilidighan, ünümi chong bolidighan ishni tallaydu.

Rishatmu her xil amillarni oyliship axir 1996- yilining axirida hökümet qarmiqidiki tejribixanidin yötkilip xususilar igilikidiki bir dora tetqiq qilish idarisining "Yéngi Dorilarning bedende almashturulushi we bixeterlikini bahalash hemde tetqiq qilish bölümi" de tetqiqatchi bolup ishqa chüshti.

Mezkur idaride ishligen 4 yil jeryanida, u asasliqi yürek tiqilma késellikliri we Rohiy késellerni dawalashta ishlitilidighan yéngi dorilarni tetqiq qilish hem wujudqa keltürüsh bilen shughullandi we Amérika dora bashqurush idarisi teripidin testiqlinip xelq'ara bazargha sélin'ghan nerwa késellirige dawa dora *Abilify* ® and qan tomurlarda qanning uyushishining aldini alidighan dora PLETAL® dorilirining wujudqa kélishide körünerlik töhpe qoshti.

Bazar igilikidiki riqabet melum menidin éytqanda, ixtisasliqlar riqabiti.

Amérikining emgek bazirida ixtisasliqlarni talishish, özlirige tartish daim bolup turidighan ish. Chünki, halqiliq pen-téxnikigha qabiliyitige ige ixtisasliqlar karxanining hayat-mamatigha chong tesir körsitidu.

Rishat Abbas – 1999 yili küzde Italiyede ötküzülgen xelq'ara dora tetqiqat jem'iyitining ilmiy yighinida léksiye sözlep bolghandin kéyin, uning yénigha bireylen kélip qizghinliq bilen özini tonushturup ötkendin kéyin mundaq didi:

---Sizning tetqiqat téxnikiliringiz ve shuning bilen qazan'ghan bu netijiliringiz nahayiti yaxshi iken, bizning tetqiqat merkizimiz sizningkidek ozgiche tetqiqat uslublirigha qiziqimiz. . Sizning iqtidaringiz, we netijiliringiz méning bekmu diqqitimni tartti. Eger xalisingiz, men sizning bir purset chiqirip bizning tetqiqat merkizimizge kélip léksiye bérishingizge, bizning idaridiki bashqa tetqiqatchi doktorlar bilen körüshüp, tejribixanilarni közitip béqishqa teklip qilimen. Bizning tetqiqat merkizimizdiki tetqiqatchilar ishlewatqan témalirining biri, qen siyish késelini dawalaydighan insulin tablétkisini tetqiq qilish. Her ikkila terepke uyghun kélip qalsa, siz méninghche bizning merkizimizde choqum bir bösüsh hasil qilalaysiz.

Eslide u kishi shu idarining tetqiqatqa mes'ul muawin présidénti bolup ismi Robért iken.

-- Teklipingizge rehmet. Hazirqi idaremde qoldin chiqarmisam bolmaydighan bir téma bar, bu heqte idarige mes'uliyetchan bolmisam bolmaydu, shu tetqiqatim tügigendin kéyin teklipingizni oylinip baqay.

Robért isimlik bu kishi Rishatning jawabini muwapiq körüp, xoshalliq bilen uning isim kartisini soridi.

UnRegistered

Yil örülüp 2000-yili baharning bir küni, yeni Rishatning qiliwatqan ishidin netije chiqip, bu heqte xewer dora tetqiqat saheside neshr qilinidighan ichki kespiy gézitke chiqip bir nechche kün ötken idi.

--- Jiring, jiring.

-- Yaxshimusiz, men Rishat Abbas, -- dédi Rishat téléfon’gha jawab berip.

- Xeyrlik seher, doktor Abbas ependim -- dédi, qarshi terep.

Rishatqa bu awaz tonushtek bilindi-yu, emma qarshi terepning kimlikini angqiralmidi.

--Men Robért bolimen, biz Italiyede körüshken -- dédi qarshi terep qizghinliq bilen.

-- Qandaq, yaxshimusiz?

---Héliqi teklipimni oylinip kördingizmu?

Eslide bu adem Rishatning tetqiqati heqqidiki xewerni körüp, uni özining idarisige kélip léksiye bérishke teklip qilghan iken.

Rishat Abbas, Robértning tetqiqat merkizige bérip, léksiye sözlep bérishni kemterlik bilen qobul qildi. Shuning bilen Rishat bu tetqiqat merkizige bérip, öz tejribe-sawaqlirini tonushturup, bashqa tetqiqatchilargha qayil qilarliq ilmiy asas we yekünler bilen tolghan malumatlarni berdi. Bu merkezning tetqiqat sharaiti we bashqa ehwallirini bilen tepsili tonushti.

Rishat Abbasning talantliq, ijtihatliq we mes’uliyetchan xaraktéridin razi bolghan tetqiqat merkizining présidénti ve muawin présidéntliri Rishat léksiye bérip qaytip kélip uzun ötmeyla, uning bilen yene alaqiliship, Rishatni öz tetqiqat merkizige kélip xizmet ishleshke teklip qildi.

Yashawatqan yéride tartishidighan el-yurt bolmighandin kéyin, uning üstige öz idariside wedisige wapa qilip qilidighan ishni köngüldikidek orunlighandin kéyin, bu yerdin ayrilsimu yüzi yoruq ayrilidighanliqini chüshen’gen Rishat bu tetqiqat merkizining teklipini qobul qildi.

Xizmetke teklip qilish xéti etisila uningha FEDEX arqiliq yetküzüldi.

Shuning bilen 2000- yili yazda u Robértning shirkitige Biologioyilik dorilar bölümining dréktori bolup yötkilip keldi.

Kishilerning saghlam halda süpetlik, uzun ömür körüshini qolgha keltürüshte ikki nerse nahayiti muhim. Buning birinchisi, aldini élish xaraktérlik tedbir bolup, buningda her xil késel peyda qilghuchi xeterlik amillar,  mesilen, baktériyilerni yoq qilish, tertiplik we muwapiq bolghan turmush aditini yétildürüsh, su we muhitning bulghinishning aldini élish, shundaqla her xil yuqumluq késeliklerdin mudapie üchün waksina urush qatarliq tedbirler bolup, bu eng ela tedbirdur. Uning ikkinchisi, alliqachan késelge giriptar bolghan bimarlarni dawalash arqiliq saqaytish, azabini yenggillitish we ularning süpetlik halda uzunraq ömür körüshini qolgha keltürüsh. bu ikkilemchi tedbir, emma hayat-mamatqa bérip taqishidighan tedbirdur.

Qen siyish késili – uzun'gha sozulidighan késelliklerning bir xili bolup, uning tesiri yekke shexs nuqtisidin éytqanda bimarning ömrining süpitini töwenletse, jem’iyet nuqtisidin éytqanda, u iqtisadning tereqqiyatigha zor derijide eks tesr körsitidu. Adette bir ademning hayatida  qen siyish késilige giriptar bolush- bolmasliqini biologiyilik we ijtimai amillar belgileydu.

<u>Esletme -1:</u>

*Dunya Sehiye Teshkilati (WHO) ning yéqinqi statiskisigha qarighanda, 2000-yili dunyada 171 million qen siyish késilige giriptar bolghan bimar bar bolup, ular dunya nopusining 2.8% ini teshkil qilghan. WHO ning mölcherlishiche qen siyish késilige giriptar bolidighan bimarlarning sani  2030-yiligha barghanda tedriji éship, dunya nopusining 6.5% ini igilep 366 milyon'gha yétidiken. Kelgüsidiki bu éshishning köp qismi asasliqi tereqqi qiliwatqan dölet we rayonlarda bolup, ularning köpchiliki 45 yash bilen 64 yash ariliqidiki kishiler, yeni emgek iqtidari bar ademler bolidiken.*

Kishilerning saghlam yashishigha tehdit salidighan herqandaq késelni yoqitish yaki xeterlik amilni tizginiesh --tébbiy sahesidikiler, jümlidin dora tetqiqat alimliri oylishidighan mesile.

Kichigidin "dorilarning möjizilik roligha" heyran bolup chong bolghan we bimarlarning azabini chüshinidighan Rishatning qen siyish késilige giriptar bolghanlarning azabini yenggillitidghan birer dora ijat qilishni oylap bu heqte izdinishke kirishkinige 1-2 yilche waqt bolghan idi. U barghan bu idare mexsus qen siyish kisellirige qarshi dora tetqiqati bilen shughullinidighan idare bolup, Rishat béripla mushu jehette bösüsh hasil qilish üchün tetqiqatqa kiriship ketti.

Yene shu özini béghishlash rohi, yeni shu eqil-parasetning julasi.

U bu yerdimu nahayiti tézla bösüsh hasil qilip,  qen siyish késilige giriptar bolghanlarning "éghizdin istémal qilish"i üchün ünümi yaxshi hem qilche azabi yoq bir xil tablétkini tetqiq qilip hemde dunya dora tetqiqat saheside tunji bolup éghizdin istémal qilidighan Insulin tablétkisining tejribilirini layihilep we ademde sinaq qilghan

UnRegistered

tunji alim, yeni Uyghur pushtidin bolghan alim bolup qaldi, arqidinla hem bu tetqiqat boyiche patént hoquqigha érishti. Uning bu heqte yaratqan netijisi Amérikining kespiy axbarat wasitiliride teshwiq qilindi. U bu heqte radio we gézit ziyaretlirni qobul qildi we uning köz qarashliri munasiwetlik gézit-jurnallarda hemde ilmiy maqalilerde neqil keltürüldi. Bu tetqiqat toghrisidiki yézip chiqqan maqalisi 2001- yili San -Fransisko shehiride ötküzülgen "Qent Siyish Késilini Dawalash Téxnikisini Almashturush Ilmiy Yighini" da "Eng yaxshi maqale" mukapatigha érishti. Rishat Abbas yene bu tetqiqatining netijisi boyiche, 2002 Amérika Diabitlar (qen siyish késelliki) tetqiqat jem’iyitining teklipige binaen, San Fransiskoda échilghan dunyawi yilliq yighinida nechche yüzligen alim-mutexesislerge léksiye sözlidi.

## Tilsimlar Dunyasida Nur Quchqan Alim (9)

(Edebiy Axbarat)

Aptori: Qeyser Mijit

(Dawami)




Rishat Abbasning kespi sahediki yüksilishi uning ilmiy tetqiqatta yaratqan netijilirige yarisha parallél halda teng sür'ette yandiship mangdi.

Ötken on yil ichide U- bir dora tetqiqatchisidin mes’ul tetqiqatchiliqqa we axir bash tetqiqatchiliqqa kötürüldi, yeni xelq'ara sewiyege ige alim bolup yétiship chiqti, mushu mezgilning özide yene idarilerde tégishlik bashqurush xizmitini üstige élip, adettiki bashqurghuchidin bash bashqurghichigha, yardemchi dréktorluqtin, dunyadiki 5 chong dora tetqiq qilish-yashash merkizining biri bolghan Wyeth tetqiqat merkizide mexsus rak késelliklirige alaqidar dorilarni tetqiq qilish-yasash tarmiqining mes’ul bash dréktori bolup östürüldi.

Altun Awghustning bir hepte axirida men uning bilen New Yorkta körüshtüm we uning bilen birlikte Hudson derya boyida chay ichkech söhbetleshtim:

UnRegistered

--Bilmey yürüptuq, shunche köp netijilerni yartipsiz, tebrikleymen!. -- dédim men uni körüpla.

---Yoghsu uka. Téxi teleptin köp yiraq-- dédi u jawaben.

Men uninggha keyni-keynidin sual qoydum, sewebi uning hazirqi tetqiqat ehwali we kelgüside qilmaqchi bolghan ishliri toghrisida oqurmenlerni xewerdar qilmaqchi bolghan idim.

-- Mushu kemgiche bolghan hayatingizda sizni eng xush qilghan nerse néme, sizni epsuslanduridighan nersichu?

--Méning eng xosh bolidighinim- bala chéghimda körgen chüshümning kündin kün'ge réalliqqa aylinishi. Mana körüp turupsen, uzun yilliq oqush, öginish we tetqiqat arqiliq, men axir dorining qandaq yasilidighanliqi we bimarlargha qandaq shipa bolidighanliqining prinsiplirini chüshinip yettim. Her qétim bir yengi dorini muweppiqiyetlik halda tetqiq qilip we sinaq qilip muweppiqiyet qazan'ghinimda késellik destidin azabliniwatqan hemme irqtin, her xil étiqad we oxshimighan medeniyet arqa körünishige ige bimarlarning azabi yénikleydighan boldi, dep oylaydighinim. Démisimu men tetqiq qilip yasap chiqqan dorilar Amérika Dora Bashqurush idarisining testiqidin ötüp bazargha sélin'ghandin kéyin, alemning hemme chétige yétip baridu.

--Bu siz arqiliq biz Uyghurlarning insaniyetke qoshuwatqan töhpisi denga, démek buningdin bizmu xosh, --dédim men uning gépini testiqlap.

-- Undaqta, sizni epsuslanduridighan nerse barmu?

--- Elwette. Apamning bizdin waq-tsiz ayrilishi bek yürikimni tatilap biaram qilidu. Bezide kéchliri oylap kétimen, "hejep, oqudum, tetqiq qildim dep uzun yil hepilishiptimen, apamning késilige shipa bolidighan dorini tetqiq qilip chiqishqa ülgürelmidim,dep.

Shundaq dewétip, u béshini töwen saldi, uning közliride yash tamchilirining lighirlawatrqanliqini körüp, "apla, sorimisam boptiken" dep pushayman yep ülgürdüm we uningha teselli berdim:

--Uni emdi bende bolghandin kéyin Allahning iradisi deymiz.

---Insan bilmeydighan nerse bek köp iken ukam,-- dédi u béshini kötürüp, bu alemde tilsim dégen nahayiti köp iken. Bir adem ömride shunche küchisimu peqet azraq nersinila chüshineleydiken, kichikkinile sirni yésheleydiken .

UnRegistered

-- Bu sizning kemterlikingiz --dédim men uningha. Mana menmu eqlimge kelgendin buyan oquwatimen, azraq nersini chüshenginim bilen sizge oxshash tilsim dunyasida at chépip baqqinim yoq.

-- Sen téxi yash tursang, -- u manga medet bermek boldi.

Bundin kéyinki tetqiqatingizda néme qilay deysiz? pilaningizdin xelqimizni xewerlendürsem bolamdu?

---Xelqimiz üchün shan -sherep keltürüsh -- bu méning intilishim we tirishishimdiki yene bir meqset, shundaqla gheyret-shijaitimning  menbesi. Shunga qiliwatqan we qilmaqchi bolghan ishimdin ularni xewerlendürgining yaxshi ish. Chünki u men üchün hem medet hem türtke bolidu. Nöwette, insaniyet rak késellikining tehditige duch kelmekte, bu nijis késelge giriptar bolghan bimarlar hayatidin burunla ayrilip, uruq-tuqqanlirini hesrette qoyup ketmekte. Men bu yüzlinishke diqqet qilip kéliwatimen. Rak késellirining türi köp, emma hemmisi dégüdek ejellik. Qandaq qilghanda bu késelni tizginligili, eng idiyal shara'itta

qandaq qilip bu késelni yoq qilghili bolidu -- mana bu méditsina sahesi yéqindin buyan jiddi türde tetqiq qiliwatqan bir murekkep téma, ochuqini qilip éytqanda, yene bir tilsim.

--Bu tilsimning tégige yétey depsiz-de?

--- Emeliyette, men bu heqtiki tetqiqatmni alliqachan bashlidim.Lékin rak késellikliri tetqiqati pütün tetqiqatlarning ichide qiyinliq derijisi yuqiri bir tetqiqat, shunga köprek ter töküshumge toghra kélidu.

--- Bu heqte ishlewatqan tetqiqatliringizning yüzlinishi qandaq?

--- Sangimu melum bolghandek, rak késellikining türi kop, mesilen, ashqazan asti bézi raki, kökrek raki, jiger raki, öpke raki... wahakaza. Uzun yilliq méditsina we dora tetqiqati jehette qolgha keltürgen netijiler hem uniwérsal bilimimizning éship bérishigha egiship, biz rak késelliklirini peyda qilidighan xeterlik amillar heqqide melum chüshenchige érishtuq. Emma,oxshash türdiki rak késili bolghan ikki bimargha bir xil dorini bersek, körsitidighan ünümi oxshash bolmaywatidu. Shunga hazirqi bizning tetqiqatimiz mexsus nishanliq halda rak késelligige taqabil turidighan dorini tetqiq qilip wujudqa keltürüsh. Yeni yekke bimarning Gén jehettiki tüzilishige asasen dawalaydighan ünümlük dorini tetqiq qilip chiqish.

--- Bu jehette birer netije barmu?

UnRegistered

--- Ötken nechche yillardin béri men muhim tetqiqatchilarning biri süpitide qatniship, tetqiq qilip, wujutqa keltürgen “TarcevaTM (Erlotinib)”  dégen dora Amérika Dora Bashqurush idarisining testiqidin ötti. Yéqinda bazargha sélindi hazir dunyaning her qaysi jayliriga tariliwatidu, u dora asasliqi “öpke raki” we Ashqazan asti bézi” rakigha giriptar bolghan bimarlargha shipa bolidu. Lékin, özüngge melum, tetqiqatning chéki yoq, haman bilidighinimizdin bilmeydighinimiz köp. Shunga ete téximu yaxshi nersini barliqqa keltürimen dep toxtimay tirishchanliq körsitishke toghra kélidu.

--Men wetendiki tereqqiwerwer kishilerning maqale yézip bérish heqqidiki teklipini tapshurup élip, "Uyghur Alimliri we Nobél Mukapati heqqide" téyiz bolsimu qisqiche toxtaldim. Maqalemde men Uyghur alimlirining pen-téxnika saheside Nobél Mukapatigha érishishidin ümit bar dep bisharet berdim. Biraq, men uning waqtigha chek qoymidim, chünki qoyalmidim. Belki u alimlirimizning süri'tige baghliq dep éyttim. Siz bilen bolghan söhbet tuyuqsiz manga Nobél mukapati heqqide eslitip qoydi. Chünki, siz we sizge oxshash yétiship chiqiwatqan alimlirimiz mushundaqla zor tirishchanliq körsetse, Uyghur alimlirining yéqin kelgüside Nobél mukapatigha érishishidin zor ümit bar. Uning üstige, Méditsina ilmi boyiche Nobél Mukapati tarqitilidu. Özingizni Nobél Mukapatigha érishipmu xiyal qilamsiz?

--- Nobél mukapati özüngge melum bolghandek, ilim-pende eng büyük choqqigha chiqqan kishilerge bérilidighan tartuq. Men bir chaghlarda bu heqte xéli oylan'ghan, arzu qilghan. Kéyin ilmiy tetqiqat bilen bolup kétip u xiyalni untup qaldim. Biraq, yéqindin buyan shughulliniwatqan tetqiqatim – manga qaytidin u otni tutashturdi.

Biz – bende. Biz sewep qilghuchi, qudriti ulugh igemdin tiligüchi. Men hayatimda héchqachan “mumkinchilik”ni ret qilip baqqan emes.  Mubada bu mukapatqa érishsem – u bir katta ish bolghan bolidu, chünki u méning emes, xelqimning érihskini bolidu. Mubada érishelmisemmu, héch bolmidi dégende u xil otning yash alimlirimizgha tutishishigha paydisi bolidu.

UnRegistered

Esletme-2: *Oquwatqan kespimning sehiye iqtisadshunasliqi bolushi tüpeyli, insanlarning süpetlik halda saghlam yashishigha tesir körsitidighan xeterlik amillar we hazir duch kéliwatqan yuqumluq we sozulma xaraktérlik késelikler heqqide bir qeder yaxshi chüshenchige igemen. Rak késelliki heqqide mundaq bir statistikiliq pakit  bar. Hazir dunya boyiche her xil rak késellikige giriptar bolidighanlarning sani yiligha 10 milyon bolup, bu késellik sewebidin ölidighanlar 7 milyon. tetqiqatchilar rak késellikliri bilen giriptar bolidighanlar sanining kéyinki 20 yil ichide texminen 50% ashidighanlighini bildürüshmekte. Rak késellikige giriptar bolghanlarning hayat qélish nisbiti intayin töwen. Mana mushundaq shara'itta  rak késellkini ünümlük halda dawaliyalaydighan birer dorini keship qilghan alim - Nobél mukapatigha érishishke heqliq elwette. Men maqalining béshida sözlep ötken Alexander Fléming*




*(1881-1955) del Pensillinni bayqighanliqi üchün 1945 -yili "Fizilogiye we Meditsina Ilmi" boyiche Nobél mukapatigha érishken.*

Rishat Abbasning sözliridin ümidlendim we waqitning bir yerge bérip qalghanlighini körüp:

--- Muweppiqiyet qazinishingizgha tilekdashmen! -- dédim men bu temidiki söhbitimizni axirlashturup

## Tilsimlar Dunyasida Nur Quchqan Alim (10)

(Edebiy Axbarat)

Aptori: Qeyser Mijit

(Dawami)

Kishilirimiz alimliq bilen adimiylikning otturisidiki munasiwet heqqide munazire qiliship kelgili xéli bir zamanlar boldi. Beziler "alim bolushtin awal adem bolush zörür déyishse", yene beziler "Alim bolghanliq adem bolghanliq" déyishti. Men alimliq heqqidiki chüshendürüshümni mezkur axbaratning bash qismida bayan qilip öttüm. Men emdi "adimiylik" heqqide azraq toxtilip ötümen.

Tilimizdiki "adimiylik" uqumi - ijabi söz bolup, uning ipadileydighini bir insandiki qimmet yeni "exlaq-pezilet, merdlik, aqköngüllük , méhmandostluq we öz xelqighe bolghan eqide, muhebbetning urghup turushi, rezillik hem peskeshliktin, namerdlik we

xesisliktin yirginishtek" süpetlerni körsetse kérek. Shundaq bolghanliqtin xelqimiz "adimilikni" ulughlaydu. Elwette, bir ademning wujudigha "alimliq bilen adimiylikning" mujessem bolushi eng köngüldikidek ish. Meshhurlirimizdin merhum "Memet'éli ependi", "Abduréhim Ötkür"ler mana mushundaq kishilerdin bolghan iken.

UnRegistered

Dewr bilen dewr mezmun we xaraktér jehettin oxshimaydu. Emma jem’iyette, kishiler bilen kishiler otturisida we shexsning özining kündilik turmushida emel qilishqa tégishlik insaniy exlaq-pezilet, prinsiplar, qaide-yosunlar, örp-adetler we munewwer chonglirimizdin dawam qilip kéliwatqan xisletler dawamlishishi kérek. Mushu menadin éytqanda, her bir dewrde munewwer pishqedemlirimiz yandurghan "adimiylik" mesh'ilini özige xas halda kötürüp yashawatqan kishilirimiz bar. Jümlidin Rishat Abbas del ene shundaq öz dewrdashlirigha nisbeten "alimliq bilen adimiylikni" özige mujessem etken ésil oghlanlirimizning biridur.

Men bu axbaratta asasliqi uning alim bolup yétilip chiqish jeryanini bayan qilip öttüm. Emma uning adimiylik xisletliri heqqide toxtalmidim. Bu heqte toxtalmisam, özini “erkekmen” dep meghrur yürgen erning “Kusa” bolup qalghinidek ish bolmisun.

Xelqni pen-medeniyet we maarip arqiliq tereqqiy qildurushni heqiqi menisi bilen chüshinidighan Rishat, özidin oqush üchün yardem telep qilghan herqandaq bir Uyghur perzentige imkaniyitining yétishiche emeliy yardem qildi. Yaxshilargha sadiq we semimi boldi. Amérikigha yéngi oqushqa yétip kelgenler qiyinchiliqqa uchrighanda ulardin özining yardimini ayimidi. Chonggha -chong, kichikke kichik boldi. Qelbide xelqighe bolghan muhebbet we héssiyati cheksiz boldi.

Uning bu xil pezilitini körüp yetken we uni chüshen’gen kishiler uninggha tégishlik hörmet bildürüshidu, elwette.

Shuni qisturup ötüsh muwapiqki, bizde beziler "alimliq shertige toshay" dégini bilen özining yaratqan netijisining yoq bolghanliqidin emes, belki öz ijadiyiti we halal méhniti arqiliq yükselgen we shan-sherep quchqan bashqa qérindashlirigha heset qilish we kichik közlük bilen pitne qilish tüpeyli “adimiylik” ning siniqidin ötelmeydu.

Insaniyet jem’iyiti waqitning ötüshi bilen özgirip baridu. bezi jehette bu özgirishni tereqqiyat dep atisaqmu bezi jehette uni shexsen men tereqqiyat dep atimaymen. Mesilen biz yashawatqan jem’iyet éghir exlaq krizisige duch kelmekte. Ademlerning turmushida emel qilidighan prinsipning yoqilishi, menpeetpereslik we rahetpereslik (*hedonism*)ning küchiyishi, pitne-pasat hem hesetxorluqning yamrishi, wapagha japa qilish, ashni ichip bolup chinini chéqiwétishtek allakimlerdindur yuqqan waba - qérindashlar ara ishenchni suslashturupla qalmay, öz'ara adawetni peyda qilip, yaxshi we semimi köngli bolghan ademlerning qelbini azablimaqta.

Kim bolushungdin qet’inezer, eger sen yaxshilarni körelmeydighan, bashqilarning netijisige heset qilidighan we yaki tul xotundek yipchi, yaki bolmisa yipchi xotundek pitnichi birsi bolsang, yeni birer Uyghur perzenti pen-téxnika saheside shan-sherep quchup hetta yatlarmu uning töhpisini mueyyenleshtürgen waqitta, “u qanchilik ishti, bu qanchilik néme idi” dep yaxshilarni we ishlirida utuq qazan’ghanlarni kem sundurushqa urunidighan birsi bolsang, ---öz perzentlirining yüksilishini arzu qilidighan, aqköngül, tereqqiperwer xelqingning sanga éytidighan birla söz bar:

UnRegistered

Yaki senmu tiriship shundaq bol, netije yarat, yaki bolmisa “aghzinggha tash, éshing’gha mash” sélip oltur.

Chünki, bashqa taipidin bolghan kishiler munewwer oghlanlirimizgha heset qilsa - bu bir ghezeplinidghan ish, emma özimizning ichidin birsi shundaq dése bu bir échinarliq ish!

Axirida kishilik turmushning mundaq bir addi prinsipni yekünlesh arqiliq bu axbaratni mushu yerde tamam itimen:

Shan-sherep --halal emgek, ejir-méhnet we jem’iyetke qoshqan töhpidin kélidu. Patemning quchqan shöhriti tupeylidin, Zörem érishmekchi bolghan shewket aziyip ketmeydu. Töhpini chong qoshqanséri, shan-sherep shunche yüksek bolidu. Hesenning qilghan hesiti tüpeylidin, Hüsenning hosuli aziyip qalmaydu-yu , emma her ikkisining köngli xosh bolmaydu.

Xatime:

Hörmetlik Oqurmen,

Rishat Abbasning quchqan zeperliridin tesirlen’ginim üchün, uning ish izlirini xelqimizge tonushturush burchum bar dep bilip, waqit jehette qisinchilighim bolsimu buni yézip chiqtim. Chünki, uning yaratqan her bir ishining élip kelgen marginal ünümini téximu yaxshi analiz qilish, téximu bedii we ilmi til bilen ipadilesh, muhimi uni Yashlirimizgha ülge süpitide teshwiq qilishning ehmiyiti zor.

Lékin,

«Pichaqni bilep turmisa galliship qalidu,

Qelemni ishlitip turmisa datliship qalidu» dégendek edebiy axbaratchiliqni toxtitip qoyghili 10 yil bolush sewebi bilen qelimimning galliship qalghanliqini hés qildim. Ashu sewebler tüpeylidin, eserning qehrimani - alim Rishat Abbas heqqide aldirap yézilghan bu yazmamni oylighinimdek yaxshi yézip chiqalmidim. Emma Rishat Abbasning yéqin kélechekte téximu köp netijilerni qolgha keltüreleydighinigha tilekdash bolghinim hem ishinidighinim üchün, u heqqide tepsili we süpetlik bir yézilmining qabil hem talantliq yazghuchilirimiz teripidin royapqa chiqidighanliqigha ishinimen.

Chünki, ümidwar kishiler üchün "Ete haman bügündin güzel we parlaqtur!"

UnRegistered